مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئېيتقانلىرى



# سەئدى مۇنداق دەيدۇ

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھېكايىلىرى

# سەئىدى مۇنداق دەيدۇ


پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى

باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

گۈلنۇر قادىر



شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

图书在版编目(CIP)数据

赛依德语集:维吾尔文/阿迪力·穆罕默德主编.—乌鲁木齐:新疆美术摄影出版社:新疆电子音像出版社,2008.8
(哲人之言丛书)
ISBN 978—7—80744—441—1

Ⅰ.赛... Ⅱ.阿... Ⅲ.赛依德(1203～1292)—语录—维吾尔语 Ⅳ(中国少数民族语言) Ⅳ.K828.712

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 130533 号

| | |
|---|---|
| 丛书名 | 哲人之言丛书 |
| 本册书名 | 赛依德语集 |
| 策划 | 穆拉提·伊力 |
| 主编 | 阿迪力·穆罕默德 |
| 编著 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯<br>古丽努尔·喀迪尔 |
| 特约编辑 | 哈斯亚提·依不拉音 |
| 责任编辑 | 艾尼瓦·库迪力克 |
| 责任校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 出版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地址 | 乌鲁木齐市西虹西路 36 号 |
| 邮编 | 830000 |
| 发行 | 新疆新华书店 |
| 印刷 | 新疆新博文印刷有限责任公司 |
| 开本 | 880mm×1230mm 1/32 |
| 印张 | 3 印张 |
| 字数 | 51 千字 |
| 版次 | 2008 年 8 月第 1 版 |
| 印次 | 2008 年 8 月第 1 次印刷 |
| 书号 | ISBN 978—7—80744—441—1 |
| 定价 | 9.90 元 |

(书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系)

www.uyghurkitap.com

# تۆزگۈچىدىن

ئوتتۇرا ئەسىر پارس كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر نامايەندىسى سەئىدى شىرازى (تەخمىنەن 1203 ـ 1210 ـ يىللاردا تۇغۇلغان. 1291 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرىدىن بولغان «گۈلىستان»، «بوستان» قاتارلىقلاردا ھېكايەتلىك مىساللار ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىلغار دۇنيا قاراش بىلەن قوراللىنىشقا، «دۆلەتنىڭ ئاساسى، جەمئىيەتنىڭ ئۇلى» بولغان خەلقنى ھەر دائىم ھىمايە قىلىشقا چاقىرغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن بۇيان ئەڭ ياخشى ئوقۇشلۇق قاتارىدا ئەتىۋارلىنىپ كەلمەكتە. بىز خەلقىمىزنىڭ سەئىدى ئەسەرلىرىگە بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن «گۈلىستان»، «بوستان» ۋە ئۆزبېكچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىدىكى ھېكمەتلىك جاۋاھىراتلارنى تاللاپ بۇ كىتابقا كىرگۈزدۇق.

## 1. خان ـ پادىشاھ، ئەمەلدارلار ھەققىدە

سۇلتان ياقتۇرسا، ھەر ئەيىبمۇ ھۈنەردۇر.
«گۈلىستان» دىن

بىچارىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاسرىماق زىممەڭدەدۇر.
«گۈلىستان» دىن

ئون دەرۋىش بىر پالاستا ئۇخلايدۇ، ئىككى پادىشاھ بىر مەملىكەتكە سىغمايدۇ.
«گۈلىستان» دىن

مەرد كىشى يېرىم ناننى ئۆزى يېسە، يېرىمىنى نامراتقا بەخش ئېتەر. بىر ئىقلىمغا ئىگە بولسا بىر پادىشاھ يەنە بىرىنى قولغا ئالسام دەر.
«گۈلىستان» دىن

پادىشاھ كەڭ قورساق ـ ئالىيجاناب بولۇشى لازىم، شۇنداق بولغاندىلا خەلق ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشىدۇ ھەمدە ئادالەتمۇ كېرەك. چۈنكى، كىشىلەر ئۇنىڭ دۆلىتى سايىسىدە خاتىرجەم ھايات كەچۈرەلەيدىغان بولىدۇ.
«گۈلىستان» دىن

پادىشاھ زۇلۇمغا ئاساس سالسا، دۆلەتنىڭ ئۇلىنى كولىغان بىلەن ئوخشاش.
«گۈلىستان» دىن

www.uyghurkitap.com



پادىشاھ پۇقرالىرىغا زۇلۇمنى راۋا كۆرسە، دوستى دۈشمەنگە ئايلىنىپ، جەڭ كۈنى بېشىغا بالا بولىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

پادىشاھ ئادىل بولسا، پۇقرالىرى ئاڭا لەشكەر بولىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

ئاجىز پۇقرالارغا رەھىم ـ شەپقەت قىل، كۈچلۈك دۈشمەن ھېچنېمە قىلالمايدۇ.

«گۈلىستان» دىن

خەلقنى ئەزگەندىن ئۆلگىنىڭ ئەلا!

«گۈلىستان» دىن

كۈچلۈك بىلەك، قۇدرەتلىك قول سەندە بولسا، مىسكىن، ئاجىزنىڭ پەنجىسىنى يانجىشىڭ خاتا. باغرى تاشنىڭ يىقىلغانغا پەرۋاسى يوق، ئۇ يىقىلسا ئاڭا ھېچكىم ياردەم بەرمەس. يامانلىقنى تېرىپ ياخشىلىقنى كۈتسەڭ، قۇرۇق ئۈمىد، خام ـ خىيالغا باغلىنارسەن، قۇلىقىڭدىن پاختىنى ئال، خەلقنى تىڭشا، تىڭشىمىساڭ، بىر كۈنى كېلىپ، ساڭا جازا بېرىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

پادىشاھلارنىڭ قەھرى ـ غەزىپىدىن ساقلىنىش لازىم. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارى كۆپىنچە دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرى بىلەن بولۇپ، ئاۋام خەلقنىڭ غەلۋىسىنى كۆتۈرمەيدۇ.

«گۈلىستان» دىن

دۆلەت خەزىنىسىدىكى بايلىق — مىسكىنلەرنىڭ ئوزۇقى،

ھەرگىز شەيتان بۇرادەرلىرىنىڭ تۇغمىسى ئەمەس.
«گۇلىستان» دىن

پادىشاھلارنىڭ كەيپىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدىن ھەزەر قى-لىش كېرەك. چۈنكى، بەزىدە سالام بەرسەڭ رەنجىيدۇ، بەزىدە تىل-لىساڭمۇ تون كىيدۈرىدۇ.
«گۇلىستان» دىن

كىمكى خىيانەت بىلەن شۇغۇللانسا، قولى ھېسابتا تىترەيدۇ.
«گۇلىستان» دىن

دانىشمەنلەر ئېيتىدۇ: تۆت كىشى تۆت كىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ؛ قاراقچى سۇلتاندىن، ئوغرى پاششاپتىن، پاسىق چېقىم-چىدىن، پاھىشە شەھەر قازىلىرىنىڭ بازار باشقۇرغۇچىسىدىن، ئەمما ھېسابتا توغرا بولغان كىشى ھېساب بېرىشتىن قورقمايدۇ.
«گۇلىستان» دىن

پادىشاھقا خىزمەت قىلىش دېڭىز سەپىرىگە ئوخشايدۇ ھەم خەتەرلىك ھەم پايدىلىق؛ ياكى خەزىنىنى قولغا كىرگۈزىسەن، ياكى تىلسىماتتا ئۆلىسەن!
«گۇلىستان» دىن

كىشى ئەمەلدار ئالدىدا كۆكسىگە قول قويۇپ، بېشىنى ئېگەر، مۇبادا زامان ئۇنى مەنسىپىدىن چۈشۈرسە، جىمى ئالەم بېشىغا تې-پەر.
«گۇلىستان» دىن

ئەڭ بۇرۇن جاھان يارالغاندا زۇلۇمنىڭ ئاساسى كىچىككىنە ئىدى. ئەمما كېيىن دۇنياغا كەلگەن ھەربىر كىشى ئاز ـ ئازدىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆپەيتكەچ مانا مۇشۇ دەرىجىگە يەتتى!

«گۈلىستان» دىن

پادىشاھ پۇقرا بېغىدىن بىر ئالمىنى يەي دېسە، غالچىسى دە-رەخنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلار. سۇلتان بەش تۇخۇمغا زورلۇق ئەيلەشنى راۋا كۆرسە، لەشكىرىدىن قانچىسى مىڭ توخۇنى زىخقا تارتقاي.

«گۈلىستان» دىن

يوك كۆتۈرگۈچى ئېشەك ۋە كالا زالىم ئادەمدىن مىڭ مەرتە ئەلا.

«گۈلىستان» دىن

سەلتەنەتتە قولى ئۇستۇن، مەنسىپى بار ھەر كىشى كىشىنىڭ مۈلكىنى تاراج قىلمىسۇن. قاتتىق سۆڭەكنى يۇتمىقىڭ ئۇنچە-لىكمۇ تەس ئەمەس، لېكىن كىندىككە كەلسە قورساقنى يىرتمىقى بىگۇمان.

«گۈلىستان» دىن

بۇ دۇنيادا زالىم ئەبەد قالالمايدۇ. ئۇنىڭغا قالىدىغىنى مەڭگۈ-لۈك لەنەت.

«گۈلىستان» دىن

كىشى قازىنىڭ ئالدىغا داۋا بىلەن كېلىدۇ، پادىشاھدىن بولسا، ھەق ـ ئادالەت ئىستەيدۇ.

«گۈلىستان» دىن

پەرمانغا بويسۇنۇش ئۇلۇغلۇق بولۇپ، پەرماندىن قاچقاننى خورلۇق باسىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

پادىشاھ دېگەن پۇقرانى ساقلاش ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، پۇقرالار ھەرگىز پادىشاھقا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس.

«گۈلىستان» دىن

پادىشاھ كەمبەغەللەر پاسىبانى.

«گۈلىستان» دىن

سۇلتاننىڭ پىكرىگە زىت سۆزنى ئېيتماق ئۆز قېنى بىلەن قولىنى يۇماق بىلەن باراۋەر.

«گۈلىستان» دىن

بىر گادايىنىڭ مېلى بىلەن ھىممەت قولىنى بۇلغاش پادىشاھلارنىڭ ئۇلۇغۋار مەرتىۋىسىگە لايىق ئەمەس.

«گۈلىستان» دىن

سۆزنى ئويلىنىپ سۆزلەش ۋە ھەرىكەتنى جايىدا قىلىش كېرەك. بۇ ئومۇم خەلققە شۇنداق، بولۇپمۇ پادىشاھلارغا شۇنداق. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ۋە ئېيتقان سۆزلىرى تىللاردا داستان بولۇپ كېتىدۇ، ئەمما ئاۋام خەلقنىڭ سۆزى ۋە قىلغان ئىشلىرى ئۇنچىلىك ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

«گۈلىستان» دىن

دەرۋىشلەر نامۇناسىپ ئىش تۇغدۇرسا، دوستلىرىغا يۈزدىن بىرى بىلىنمەس. ئەگەر شاھ بىر سۆزنى چاقچاقتىن ئېيتسا، ئىقلىمدىن ئىقلىمغا نېرى كېتىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

خىزمىتىڭدىكى ھوقۇقسىز قۇلغا قەھرىڭنى چېچىپ، دەپسەندە قىلما. قىيامەت كۈنى قۇل ئازاد بولۇپ، غوجا كىشەندە

شەرمەندە بولۇر.

«گۈلىستان» دىن

ئىككى كىشى دۆلەت بىلەن دىننىڭ دۈشمىنى: بىرى، زالىم پادىشاھ، يەنە بىرى، بىلىمسىز ئىشان.

«گۈلىستان» دىن

پادىشاھ ئۆز دۈشمەنلىرىگە ھەددىدىن تاشقىرى غەزەپلەنمەسلىكى كېرەك، بولمىسا دوستلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويىدۇ، غەزەپ ئوتى ئاۋۋال ئۆز ئىگىسىگە تۇتىشىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن دۈشمەنگە يېتىپ بارىدۇ ياكى يېتىپ بارمايدۇ.

«گۈلىستان» دىن

بىراۋنىڭ خائىنلىقىنى پادىشاھقا (دەرھال) يەتكۈزمە. پەقەت بۇ خەۋەرنىڭنى پادىشاھ قوبۇل قىلىشقا ئىشەنچىڭ كامىل بولغان چاغدىلا يەتكۈز، ئۇنداق بولمىغاندا ئۆزۈڭنىڭ ھالاك بولۇشىغا تىرىشقان بولىسەن.

«گۈلىستان» دىن

شەيتان ساپ دىل كىشىلەر بىلەن چىقىشالمايدۇ، سۇلتان سۇنغان سودىگەر بىلەن.

«گۈلىستان» دىن

يامان ئاقىۋەتكە قالىدىغان پادىشاھدىن كېلەچىكى بەختلىك بولغان گاداي ياخشى.

«گۈلىستان» دىن

كىمكى قول ئاستىدىكىلەرگە كەڭ قورساق بولمىسا، ئۆزىدىن ئۈستۈنلەرنىڭ جەبرىگە ئۇچرايدۇ.

«گۈلىستان» دىن



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بېشىنىڭ كېتىشىدىن قورقمىغان ۋە پۇل ـ مېلىدىن ئۈمىد ئۈزگەن كىشى پادىشاھلارغا نەسىھەت قىلسۇن.

**«گۈلستان» دىن**

شاھنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئەسلىدە زالىملارنى توسۇش ئۈچۈن، ساقچى ـ ئەمەلدارلارنىڭ بولۇشى ئوغرى ـ كاللا كېسەر ـ لەرنى يوق قىلىش ئۈچۈن، قازى بولسا ئالدامچى مۇتتەھەملەرنىڭ مەسلىھەتچىسى.

**«گۈلستان» دىن**

ھەممە كىشىنىڭ چىشى ئاچچىق ـ چۈچۈك نەرسىلەردىن قامىسا، قازىلارنىڭ چىشى تاتلىق نەرسىلەردىن قامايدۇ.

**«گۈلستان» دىن**

يالغۇز ئۆز راھىتىڭنىلا ئويلىما، يوقسۇللارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىل. ئۆز راھىتىڭنىلا ئويلىساڭ، يۇرتتا ھېچكىم ھۇزۇر تاپالمايدۇ. چوپان ئۇيقۇدا، بۆرە بولسا قوي پادىسىنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ، بۇ ئاقىلنىڭ ۋە ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئىشىمۇ؟ شۇنى بىلگىنكى، شاھ پەقەت خەلقى بىلەن شاھ بولىدۇ ۋە بېشىدىكى تاجىنى قوغدايدۇ. شۇ ۋەجىدىن موھتاجلىقتىكى دەرۋىشلەر ۋە يوقسۇللارغا نەزەر سال. كەمبەغەللەرنىڭ قولىنى تۇت، خەلق دەرەخنىڭ يىلتىزىغا ئوخشايدۇ. شاھ بولسا ئۇ دەرەخنىڭ ئۆزىدۇر. دەرەخنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ئۇنىڭ يىلتىزىدۇر. خەلقنىڭ قەلبىنى يارىلىما، يارىلىساڭ، خەلقنىڭ دىلىنى ئاغرىتساڭ، ئۆز يىلتىزىڭنى قىرقىغان بولىسەن. قولۇڭدىن كېلىشىچە خەلققە ياخشىلىق قىل.

**«بوستان» دىن**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاللانىڭ ئىلتىپاتىنى ئۈمىد قىلغان پادىشاھ خەلققە ياخشىلىق قىلىدۇ، سەلتەنەتنى قولىدىن كېتىش قورقۇنچىسى بىلەنمۇ خەلققە ئازار بەرمەيدۇ. ئۇنىڭدا بۇ ئىككى ئەھۋال بولمىسا، ئۇ مەملىكەتتە راھەت ۋە ھۇزۇر پۇرىقىمۇ بولمايدۇ. بۇنداق يۇرتتا ياشىساڭ ۋە ئائىلىلىك بولساڭ، تەقدىرىڭگە رازى بول، لېكىن بويتاق بولساڭ، بېشىڭنى ئېلىپ نەگە كەتسەڭ كەت. خەلق ھۆكۈمدارىدىن مەمنۇن بولمىسا، ئۇنداق دىياردا باياشاتلىق كۈتمە ۋە بەختىيارلىق ئىزدىمە.

«بوستان» دىن

ئۆزىنى ماختايدىغان، جاھىل، شەھۋەتپەرەس ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرگەن پادىشاھدىن ئانچە قورقۇپ كەتمەي، ئاللادىن قورقمايدىغاندىن قورق. بىر ھۆكۈمدار ئەگەر خەلقنىڭ دىلىنى يارىلىسا، مەملىكىتىنىڭ مەمۇرچىلىقىنى پەقەت چۈشىدىلا كۆرەلەيدۇ. بىر يۇرتنىڭ خاراب بولۇشى ۋە بىر پادىشاھنىڭ يامان نام چىقىرىشى ئۇنىڭ زۇلمىدىن مەيدانغا كېلىدۇ. مېنىڭ بۇ سۆزۈمنىڭ قىممىتىنى پەقەت ئەقىللىق ۋە زەكىي كىشى ئالقىشلايدۇ.
«بوستان» دىن

خەلق سەلتەنەتنىڭ تىرىكىدۇر، ئۇ تۈتقىنى زۇلۇم بىلەن نابۇت قىلماسلىق كېرەك. ئۆزۈڭ بىرەر پايدا ئېلىش ئۈچۈن يېزىلىقلار بىلەن دېھقانلارنى نەزەردە تۇت. چۈنكى، ئەجىر بىلەن ئىشلىگەن كىشى ئالغان ھەققىدىن مەمنۇن بولسا، تېخىمۇ كۆپ ئىشلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ياخشىلىق كۆرگەن كىشىگە يامانلىق قىلساڭمۇ ئانچە ياراشمايدۇ.

«بوستان» دىن

پادىشاھنىڭ دەرۋازىسى كەبىنىڭ ئىشىكىگە ئوخشايدۇ، شۇ قەدەر گۈزەلدۇر. دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدىن — چوڭقۇر ۋە كەڭ يوللىرىدىن كىشىلەر ئۇ يەرگە ھاجىلاردەك يۈگۈرۈشۈپ كېلىدۇ.
«بوستان» دىن

پادىشاھ بولسا يولغا چىققان يولۇچى ۋە ھەق سۆزگە قۇلاق سالىدىغان ئاڭلىغۇچىدۇر.
«بوستان» دىن

خەلق زالىمدىن قاچىدۇ ۋە ئۇنىڭ يامان نامىنى، سەت خۇي مىجەزىنى دۇنيانىڭ ھەممە تەرىپىگە يايىدۇ. يامان ئۇل ئۇستىدە سەلتەنەت سۈرگەن پادىشاھ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆز ئۇلىنى ئۆز قولى بىلەن ئولتۇرغۇزىدۇ.
«بوستان» دىن

ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشقا نىيەت قىلىپ ئۇنىڭغا بەل باغلىساڭ، دائىما خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلا. ئادالەتتىن ئايرىلمىغىنىڭكى، ئاھالىمۇ ساڭا بولغان ئىتائەتتىن ئايرىلمىسۇن. ئاقىللارچە ئىش كۆرگىنىڭكى، بۇلارمۇ سەندىن يۈز ئۆرۈمىسۇن.
«بوستان» دىن

ئالەمدە ئىنساپلىق ئىش قىلغان ھۆكۈمداردىنمۇ بەختىيار كىشى زادى بارمىدۇ؟ بۇنداق ھۆكۈمدار دۇنيادىن كۆچكەن چاغدا ھەممە كىشى ئۇنىڭغا رەھمەت ئوقۇيدۇ. ياخشىلارمۇ ئالەمدىن ئۆتىدۇ. يامانلارمۇ... ئەڭ ياخشىسى، بىر ياخشى نام قالدۇرغىنىڭكى، ھەممە كىشى سېنى ھەريەردە خەير بىلەن ياد ئەتسۇن.
«بوستان» دىن

ئاللادىن قورققانلارنى ئاھالىنىڭ بېشىغا قوي ۋە ئۈنۈش بېشىغا كەلتۈر. چۈنكى، پەقەت شۇنىڭغا ئوخشاشلار يۇرتنى گۈللەندۈرىدۇ. سېنىڭ مەنپەئىتىڭنى خەلققە زۇلۇم سېلىپ قوغداشقا تىرىشقانلار ئەسلىدە سېنىڭ يامانلىقىڭنى ئويلىغان ۋە خەلقنىڭ قېنىنى ئى-چىدىغان كىشىلەرنى ئىش بېشىغا يېقىن كەلتۈرۈش زور خاتالىق-تۇر. ۋالىيلار ۋە باجگىرلار ھەقسىزلىق قىلغان چاغدا، پادىشاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقارماسلىقى كېرەك.

«بوستان» دىن

ياخشىلارنى كۆتكەن كىشى يامانلىق كۆرمەيدۇ، يامانلارنى كۆتكەن بولسا، ئۇ ئۆز جېنىنىڭ دۈشمىنىدۇر.

«بوستان» دىن

خەلققە زۇلۇم سالغاننىڭ مال ـ دۇنياسىنى تارتىۋېلىش بىلەن قانائەت ۋە بولدى قىلما، ئۇلارنىڭ يىلتىزىنى قومۇر.

«بوستان» دىن

ھەقسىزلىق قىلغان ۋالىينى دوست تۇتما ۋە خوپ كۆرمە. بۇنداقلار قاچان سەمرىشكە باشلىسا، شۇ ھامان تېرىلىرىنى سو-يۇش كېرەك. بۆرىنىڭ بېشىنى قوينى يەپ كەتمەستىن ئاۋۋال ئې-لىش كېرەك.

«بوستان» دىن

قاراقچىلارنىڭ ھەرىكەتتە ئەركىن ئىكەنلىكىنى كۆرسەن. ھالبۇكى، پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ بىر توپ ئاياللاردىن نېمە پەرقى بار؟ «سودىگىرىنى ئىزدىمىگەن، ئۇنىڭ ئەھۋالى بىلەن كارى بولمىغان پادىشاھ خەير ئىشىكىنى شەھەرنىڭ، شەھەر ئاھالىسى-نىڭ ۋە لەشكەرلىرىنىڭ يۈزىگە ياپقان بولىدۇ.»

بىر دۆلەتتە بۇنداق بولمىغۇر ئىدارە قىلىش، يامان قانۇن ۋە ناھەق تۇزۇملەرنى كۆرگەن ئەقىللىق كىشىلەر بۇنداق يەرگە كېلەمدۇ؟

پادىشاھىم، ياخشى نام ۋە شۆھرەت قالدۇرۇشنى خوپ كۆرسەڭ، سودىگەرلەر، خەۋەرچىلەر، ئەلچىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىنى خۇش قىل. چۈنكى، ياخشى نامىڭنى ھەممە يەرگە تارقىتىدىغان شۇلاردۇر.

«بوستان» دىن

بىرىگە بىرەر ئىش بەرمەكچى بولساڭ، پۇل ۋە مالنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغانغا بەر. ۋەيران بولغان ۋە قەرزنى قايتۇرالمايدىغان ئادەمگە بەرمە. ئۇ پۇلارنىڭ قىممىتىنى بىلسە ئىدى، ھەرگىز ۋەيران بولمايتتى. ۋەيران بولغان ئادەم مەھرۇم بولىدىغان بىر نەرسىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن پادىشاھدىن قورقمايدۇ. نىمە دېسەڭ بويىنىنى پۈكىدۇ، يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇشتىن باشقا قولىدىن ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ.

«بوستان» دىن

پادىشاھىم! پىتنە ـ پاساتچى، غەيۋەتخور بولغان بىر ياقا يۇرتلۇققا غەزەپلىنىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنى يۇرتتىن چىقىرىۋېتىش بىلەن بولدى قىلساڭمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەسكى مىجەزى ئۆزىگە بالا ـ قازا ئەكېلىشكە يېتىپ ئاشىدۇ.

«بوستان» دىن

بىر بىچارىنىڭ ۋە غېرىبنىڭ كۆڭلى سۇنغان يەر ئۇزۇنغا بارماي ۋەيران بولىدۇ. مۇساپىرلار ۋە ساياھەتچىلەر بىلەن تونۇش، ئۇلار بىلەن دوست بول. چۈنكى، ياخشى نامنى ئەتراپقا تارقىتىدغانلار شۇلار. ئاجىزلارغا ياخشى مۇئامىلە قىل، يولۇچىلارنى خۇش

www.uyghurkitap.com



قىل. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئەسكىلىرىدىن ھەزەر ئەيلە. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە دۈشمەن ۋە يامان كىشىلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقلا دوست قىياپىتىدىكى دۈشمەنمۇ بولۇشى مۇمكىن.

«بوستان» دىن

خىزمەت كۆرسەتكەن ئادەملىرىڭنىڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىل، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلا. چۈنكى، سەن ئېھتىياجىنى قامدىغان كىشىلەر ساڭا ئىنساپسىزلىق قىلمايدۇ. ئۇزۇن يىللار ساڭا خىزمەت قىلغان خادىملارنىڭ ئەجرىنى ئۇنتۇما. بىر خادىم ياشىنىپ ئىشلىيەلمەس ۋە قولىدىن ئىش كەلمەس ئەھۋالغا چۈشسە، ئەمدى بۇنىڭدىن پايدا تەگمەيدۇ دەپ، ئۇنى ئۆز ھالىغا قويۇۋەتمە ۋە خالىغانچە تاشلىۋەتمە. ئۇنىڭ قولى ئىشتىن قالغان بولسا، سېنىڭ خەير ـ ئېھسان قولۇڭ ئىشتىن قالمىدى ـ دە!

«بوستان» دىن

بۇرۇندىن تارتىپ بىر ـ بىرى بىلەن ياخشى بۇرادەر بولغان، ئوخشاش پېكىرلىك ئىككى خادىمنى بىر يەرگە بىر چاغدا ئەۋەتمە. نەدىن بىلىسەن، بەلكىم بىرى ئوغرى، يەنە بىرى ئۇنىڭ ئوغرىلىقىنى يوشۇرغۇچى بولۇشى مۇمكىن. بۇنداقلار تەبىئىتى بىلەن بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىشىدۇ. بىرى ئوغرىلايدۇ، يەنە بىرى ئۇنىڭ شېرىكى بولۇپ ئۇنى قوغدايدۇ. ئوغرىلار بىر ـ بىرىدىن قورقسا ۋە ئۆزىنى تارتسا، كارۋان ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ، مەنزىلگە ئامان ـ ئېسەن يېتىپ بارالايدۇ.

«بوستان» دىن

ھەي پادىشاھىم! دۈشمىنىڭگە يۇمشاق مۇئامىلە قىلساڭ ۋە

بوشاڭلىق قىلساڭ، ئىنتايىن ھەددىدىن ئېشىپ، شىر بولۇۋالىدۇ ۋە سېنى يېڭىدۇ. قاتتىق مۇئامىلە قىلساڭ، سەندىن زېرىكىپ بىزار بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، يۇمشاقلىق بىلەن قاتتىقلىقنى تەڭ قوللىنىش كېرەك. قان ئالغۇچىغا ئوخشاش، ئۇ ھەم قان ئالىدۇ، ھەم ئۇ يەرگە مەلھەم سۈرىدۇ.

«بوستان» دىن

بىرىنى ئىشتىن بوشاتقىنىڭدا، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنى ئەپۇ قىل. ئۈمىدلەنگەن كىشىنى نائۈمىد قىلمىغىن. ئۇنىڭ ئۈمىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇزۇش ئايىغى كىشەنلىك مىڭ مەھبۇسنى ئازاد قىلغاندىنمۇ خەيرلىكتۇر.

«بوستان» دىن

بىر كاتىپ ئىشتىن چىقىرىلسا ئۈمىدلىرى ئۈزۈلمىسۇن، مەيۇسلەنمىسۇن! ئادىل پادىشاھ ئاتىغا ئوخشايدۇ. بالىلىرىنى بەزىدە ئۇرىدۇ، يىغلىتىدۇ، بەزىدە كۆز ياشلىرىنى ئېرتىدۇ.

«بوستان» دىن

ھەي ھۆكۈمدارىم! ئالىيجاناب، ياخشى مىجەزلىك ۋە ھۆرمەتكار بول، ئاللا ساڭا چېچىپ بېرىپتۇ، سەنمۇ خەلققە چاچ. دۇنياغا كەلگەنلەر يەنە كېتىدۇ. بۇ يەردە قالمايدۇ. ئۇنىڭدىن پەقەت بىر ياخشى نام قالىدۇ. ئۆلمەسلىك، ئەبەدىي ياشاش دەپ مانا شۇنى دەيدۇ. ئۆزىدىن كېيىن كۆۋرۈك، مۇساپىرخانا، دەڭ ۋە كارۋان سارايىغا ئوخشاش ئەسەرلەر قالغان، يادىكار قالدۇرۇپ كەتكەن كىشىلەر ئۆلمەيدۇ.

«بوستان» دىن

بىرەر ساۋابلىق ئىش قالدۇرمىغان كىشىگە ئۇ ئۆلگەندىن

كېيىن پاتىھە ئوقۇشقا ئەرزىمەيدۇ. سەن نامىڭنىڭ ھەمىشە ئەس-
لىنىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلساڭ، ھەر دائىم ئۇلۇغلارنى ئەسلە-
سەڭدىن بۇرۇن كەلگەن ھۆكۈمدارلار قانداق خەيرلىك ئىشلارنى
قىلغان بولسا، سەنمۇ ئۆز دەۋرىڭدە ئۇلاردەك ئىش قىل.

«بوستان» دىن

بىر كىشى گۇناھىنى ئېتىراپ ۋە ئىقرار قىلىپ، ئۆزرە تى-
لىسە ئۇنى ئەپۇ قىل. رەھىم تىلىگەنلەرگە رەھىم قىل. بىر گۇ-
ناھكار ئىلتىجا قىلسا، ئۇنى دەرھال ئۆلتۈرۈش مۇۋاپىق ئەمەس.
لېكىن، قىلىنغان نەسىھەتنى ئاڭلىمىغاننى ئەدەپلەش، جازالاش،
قۇلىقىنى سوزۇش ۋە تۈرمىگە ئېلىش كېرەك. بۇمۇ ئۇنى تۈزىتەل-
مىسە، ئۇ چاغدا بۇ بىر زىيانلىق دەرەخكە ئوخشايدۇ، ئۇنى يىلتى-
زىدىن قومۇرۇپ تاشلاش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر كىشىگە
غەزەپلەنگىنىڭدە، ئۆلۈم جازاسى بېرىشتىن ئاۋۋال ياخشى ئويلان.
چۈنكى، كېسىلگەن باش قايتا ئورنىغا كەلمەيدۇ. بەدەخشان لەئلىنى
چېقىش ئاسان. ئەمما، چېقىلغان پارچىلارنى يىغىپ ئەسلىي ھالىغا
كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

«بوستان» دىن

ھەرقانچە كۈچلۈك بولساڭمۇ، لەشكىرىڭ ھەرقانچە كۆپ
بولسىمۇ، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق دۈشمىنىڭگە ھۇجۇم قىلما.
چۈنكى، دۈشمىنىڭ بولغان پادشاھ ئېگىز ۋە مۇستەھكەم قورغانغا
بېكىنىۋالىدۇ، بولغۇلۇق بىچارە خەلقىڭگە بولىدۇ.

«بوستان» دىن

پادشاھ بولسۇن، بولمىسۇن، كىشىنىڭ كەينىدە قالغان
مال ـ مۈلۈك، ئالتۇن ـ كۈمۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاز

ۋاقىتتىن كېيىن يوق بولىدۇ.

«بوستان» دىن

بىر مەملىكەتتە ئاجىزلار كۈچلۈكلەردىن ھەقسىزلىك كۆرسە، ئۇ يەردە پادىشاھقا ئۇيقۇ ھارامدۇر. خەلقنى قارىمۇقنىڭ قاسىرىقىچىلىكمۇ ئەزمە، رەنجىتمە ۋە ئۇمىدسىزلەندۈرمە. چۈنكى، خەلق پادا، ھۆكۈمدار بولسا ئۇنىڭ چوپانىدۇر. ئەگەر خەلق پادىشاھىدىن يامانلىق كۆرسە، ئۇ پادىشاھ ئۇ پادىنىڭ چوپانى ئەمەس، بۆرىسىدۇر. ئاھالىگە ھەقسىزلىق قىلغان، يامانلىقنى ئويلىغان ھۆكۈمدارنىڭ ئۆلۈمى پاجىئەلىك بولىدۇ. خەلققە قىلىنغان يامانلىق ئۆتۈپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇ زالىمنىڭ يامان نامى ئۇنتۇلمايدۇ.

«بوستان» دىن

بىرىنى ئۆلتۈرۈشتىن ئاۋۋال زىندانغا تاشلاش ناھايىتى ئورۇنلۇق ئىشتۇر. چۈنكى، كېسىلگەن باش ئورنىغا كەلمەيدۇ.

«بوستان» دىن

ئەمىر قىلغۇچى ۋە شانۇشەۋكەت ئىگىسى بولغان پادىشاھلار خەلقنىڭ ئاۋارىچىلىك ئىشلىرىدىن زېرىكمەسلىكى لازىم. غۇرۇر تەختىدە ئولتۇرۇپ چىدىغۇچىلىكى قالمىغان ھۆكۈمدارنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈلگەن تاج ئۇنىڭغا ھارامدۇر.

«بوستان» دىن

خەلق كۆچەتكە ئوخشايدۇ، ئۇنى ياخشى پەرۋىش قىلساڭ مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولىسەن. ھەرگىز كۆچەتنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋەتمە، بۇ بىر زۇلۇمدۇر ۋە ئۆزۈڭگە زىياندۇر. كىشىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە زىيان سېلىشى ئەخمەقلىقتۇر.

«بوستان» دىن

قول ئاستىدىكىلەرگە ئەزىيەت قىلمىغان كىشى ياشلىقىدىن ۋە بەختىدىن پايدا ئالالايدۇ. قول ئاستىڭدىكىلەر ئەمەلدارلىرىڭ بولسۇن ياكى پۇقرا بولسۇن، بەختسىز ۋە پەرىشان بولسا، ئۇلارنىڭ قارغىشىدىن قورق.

«بوستان» دىن

ھۆكۈمداردىن رازى بولمىغان لەشكەر چېگرىنى دۈشمەندىن قوغدىيالمايدۇ.

«بوستان» دىن

پۈتۈن جاھاننىڭ سەلتەنىتى يەرگە تامچىغان بىر تامچە قانغا ئەرزىمەيدۇ.

«بوستان» دىن

بىر مەملىكەتتە پادىشاھ پادىچىلىك ئويلىيالمىسا ۋە ياخشى بىلەن ياماننى، دوست بىلەن دۈشمەننى پەرق ئېتەلمىسە، سەلتەنەت ۋە مەملىكەتنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇشقا توغرا كېلىدۇ.

«بوستان» دىن

ھەي پادىشاھىم! سەنمۇ بىر ئىشىككە ئۈمىد باغلاپسەن. سېنىڭ ئىشىكىڭگە ئۈمىد باغلىغانلارمۇ بار. خاپىلىق تارتماي دېسەڭ، دەردمەنلەرنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئازابتىن قۇتقۇز. ھەقلىرىنى تەلەپ قىلغان مەزلۇملارنىڭ بىئاراملىقى ۋە كۆڭۈللىرىنىڭ پەرىشانلىقى ھۆكۈمدارنى مەملىكىتىدىن، تەختىدىن ئايرىۋېتىدۇ. سەن سالقىن ئورداڭدا چۈشكۈچە ئۇخلايسەن، لېكىن غېرىب بىچارىلەر تاشقىرىدا قىزىق ئاپتاپتا كۆيۈپ ـ پىشماقتا. بۇ ساڭا راۋامىدۇ؟

«بوستان» دىن

پادىشاھ تەختىدە راھەت ئۇخلىسا، خەلق راھەت بولمايدۇ، لېكىن، پادىشاھ ئۇخلىماي خەلقنى ئويلىسا، خەلق راھەت ۋە ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلايدۇ.

«بوستان» دىن

سەھەرنىڭ يۇرىكى يوقسۇللۇقتىن يارا تۇرسا، پادىشاھقا زىبۇ زىننەت ياراشماس. ماڭا كۆزسىز ئۇزۇك يارىشىدۇكى، خەلقىنىڭ كۆڭلىنىڭ قايغۇلۇق بولۇشى ياراشمايدۇ. خەلقنىڭ راھىتىنى ئۆز ھۇزۇرىدىن ئەلا بىلگۈچى نېمىدېگەن بەختلىك.

«بوستان» دىن

ھەي كاتتا مەرتىۋە ۋە مەنسەپدار! كىچىكلەرگە زومىگەرلىك قىلما. شۇنى بىلگىنكى، دۇنيا بىر ئىزىدا تۇرمايدۇ. ئاجىزلارنىڭ قولىنى قايرىما. چۈنكى، ئۇ ئاجىز پۇرسەت تاپسا سېنى يوقىتىدۇ. ھېچكىمنى ئىشىدىن مەھرۇم قىلما، ھېچكىمنى ماكانىدىن ئايرىما، ھېچكىمنى يىقىتىشقا تىرىشما. چۈنكى، يىقىلىپ ئامالسىز قالغان چېغىڭدا ھېچكىم سېنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويمايدۇ.

«بوستان» دىن

خەزىنىنى تولدۇرۇشتىن كۆرە، كۆڭۈللەرنى ئۇتۇشقا تىرىش. خەزىنەڭنىڭ قۇرۇق قېلىشى كىشىلەرنى قىيىنچىلىقتا قالدۇرۇشتىن ياخشىراق.

«بوستان» دىن

پادىشاھلىقتىن چوڭ ۋە يۇقىرى مەرتىۋە يوق دېمە. ھەرقانچە بولسىمۇ كەمبەغەلنىڭ پادىشاھلىقىدەك بىخەتەر ۋە راھەت بولماس، بۇنى بىلىملىكلەرمۇ بىلىدۇ ۋە «ھەئە، شۇنداق» دەيدۇ.

«بوستان» دىن

قول ئىلكىدە بولمىغان كىشى پەقەت نانىنىڭ [illegible] قىـلمىدۇ، ھۆكۈمدار بولسا ئىلكىدىكى چوڭ بىر مەملىكەتنىڭ قايغۇسىدىدۇر.

«بوستان» دىن

بۇ دۇنيادا كىچىكلەرنى ئۆزۈڭگە دۈشمەن قىلما. چۈنكى، سېنىڭ بۇ سۇلتانلىقىڭ قالىدۇ، ئۇ چاغدا ھېلىقى تىلەمچى قەھر ـ غەزەپ بىلەن پېشىڭگە ئېسىلىدۇ. ئاجىزلاردىن قولۇڭنى تارت، ئۇلارغا غەزەپلەنمە، سېنى تارتىپ يەرگە يىقىتسا ئۇياتقا قالىسەن. ھۆر ۋە ئېسىلزادىلەرنىڭ نەزىرىدە ئاجىزلارنىڭ قولىدا يىقىلىش نومۇسلۇق ئىشتۇر.

«بوستان» دىن

شاھمات ئويۇنىدا شاھ بىردەملىك مەغرۇر، لېكىن مات بولغاندا پىشكىدەك بولۇپ قالىدۇ. ھۆكۈمدارنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

«بوستان» دىن

ئىلىم ۋە ئادالەت بىلەن دەۋران سۈرگەن پادىشاھلار نېمىدېگەن بەختلىك! خەلقنىڭ راھەتلىكى ئۈچۈن تىرىشقانلار سائادەت يولىنى تۇتقان بولىدۇ.

«بوستان» دىن

خەزىنىسى، ھەربىي قوشۇنى، شان ـ شەۋكىتى بولغان، ياخشى ياشىغان، تىلىكىگە نائىل بولغان ھۆكۈمدار ئىبارىتىدە دائىملىق ۋە ياخشى تەبىئەتلىك بولسا، بۇ سائادەت مەڭگۈگە ئۇنىڭ دېگەنلىكتۇر.

«بوستان» دىن

خۇشاللىقنى خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتىدىن ئىزدىگەن زالىم پەقەت مۇشۇ بەش كۈنلۈك دۇنيادا سۈرگەن كەيپ ـ ساپاسى بىلەنلا ياشايدۇ.

«بوستان» دىن

زۇلۇم بىلەن كىشىلەرنى ئازاب ـ ئوقۇبەت ئۇيقۇسىغا چۆمـ دۈرگەن زالىمنىڭ كۆزى يۇمۇلۇپ، قايتا باش كۆتۈرەلمىگىنى نا- هايىتى خەيرلىكتۇر.

«بوستان» دىن

خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىنىشىڭنى، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشۇڭنى ئويلىساڭ، بىرلا چارە بار. ئۇ بولسىمۇ زۇلۇم يولىدىن قايتىش، زۇلۇمدىن ۋاز كېچىشىڭدۇر.

«بوستان» دىن

«بىر پادىشاھ قاچان خەلقنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولسا، مانا شۇ چاغدا كۆڭۈلگە ياقىدىغان بىر ئىنسان ھېسابلىنىدۇ. بولمىسا چىغىرىق چۆرگەن قېرى مومايلار ئۇنى نەپرەت بىلەن تىلغا ئالـ غانلىقىدا، رەسمىي سورۇندىكىلەرنىڭ پادىشاھنى ئالدىدا مەدھىيە- لەشلىرىنىڭ ئەھمىيىتى نېمە!»

«بوستان» دىن

سېنىڭ خەزىنەڭ بار، ئەمرىڭ ھەممە يەردە ئۆتىدۇ. مەن بولسام بىئارامىلىق، قورقۇنچ ئىچىدە ياشاۋاتقان بىر كىشىمەن. لېكىن، ئۆلۈم دەرۋازىسىدىن كىرگىنىمىزدىلا باراۋەر بولىمىز. بۇ بەش كۈنلۈك دۇنياغا ۋە بۇ بەش كۈنلۈك سەلتەنەتكە كۆڭۈل بەرمە ۋە ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتمە، ئۆزۈڭنى خەلقنىڭ ئاھى بىلەن ئۆرتىمە. سەندىن كېيىنكىلەر سەندىنمۇ كۆپ يىغىپ، توپلاپ، زۇلۇملىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن جاھاننى ئۆرتەيدۇ، ئاخىرىدا قانداق بولىدۇ؟
شۇنداق ياشىغىنكى، ئۆلگىنىڭدىن كېيىنمۇ كىشىلەر سېنى خەير بىلەن ياد ئېتىشسۇن، كەينىڭدىن لەنەتلىمىسۇن. ناچار ئا- دەتلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارما، بۇ ناچار ئادەتلەر ۋەجىدىن كېيىن لە- نەت بىلەن ياد ئېتىشمىسۇن.

«بوستان» دىن

پادىشاھ ھەربىي قوشۇننىڭ جېنىدۇر، ئۇنى قوغداش دۈشمەن- نى قوغلاشتىن ئەۋزەلدۇر.

«بوستان» دىن

ئىنسانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئىككى ئارتۇقچىلىق بار: بىرىنچىسى، قەلەم ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت؛ ئىككىنچىسى، قىلىچ تۇتالايدىغان بولۇش. بۇ ئىككى ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولمىغانلار ۋە بۇ ئىككى ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولغانلارنى تەقدىرلىمىگەن پادىشاھلار ئۆلۈپ كەتسە، ئۇلارغا ھېچكىم ئېچىنمايدۇ.

«بوستان» دىن

ئالىملار، ئىختىساسلىقلار ۋە لەشكەرلەرنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالغان ھۆكۈمدارلار سەلتەنىتىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ ۋە دۆلەتنى ياخشى ئىدارە قىلىدۇ.

«بوستان» دىن

جەڭ ئۈچۈن قىلىچىڭنى قولۇڭغا ئالغىنىڭدا، ئاستىرتىن يارىشىش يولىنىمۇ ئىزدىگىن.

«بوستان» دىن

جەڭچىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇت، لازىم تېپىلغاندا توپتەك ئايد-
غىڭغا يىقىلىپ، ساڭا جېنىنى پىدا قىلىدۇ.

«بوستان» دىن

دۈبۈلغىلارنى پارقىرىتىپ قوشۇن تارتقان قوماندانلار بىر
تەرەپتىن ئۇرۇشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاستىرتىن يارىشىشنى
ئىزدەيدۇ.

«بوستان» دىن

دۈشمەن قوماندانىدىن بىرى قولۇڭغا چۈشسە، ئۇنى شۇئان
ئۆلتۈرمە، سەۋرلىك بول. چۈنكى، سېنىڭ قوشۇنۇڭدىنمۇ بىر قو-
ماندان دۈشمەنگە ئەسىر چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. سەن ئەسىر
ئالغان دۈشمەن قوماندانىنى ئۆلتۈرسەڭ، دۈشمەنمۇ ئەسىرگە
چۈشكەن سېنىڭ قوماندانىڭنى ئۆلتۈرىدۇ ـ دە، ئۇنى قايتا كۆرەل-
مەيسەن.

«بوستان» دىن

ئەسىرلەرگە ئازار بەرگەن ۋە زۇلۇم سالغان كىشى كۈنلەرنىڭ
بىرىدە ئۆزىنىڭمۇ شۇ هالغا چۈشۈپ قېلىش مۇمكىنلىكىنى ئويد-
لىشى ۋە هازىردىن باشلاپ بېشىغا كېلىدىغان شۇ ئەهۋالنىڭ غې-
مىنى قىلىشى لازىم.

«بوستان» دىن

يېڭىدىن خىزمەتكە قويغان كىشىلەرنى بەك چىڭ تۇتما.
يېپىنى بىرئاز قويۇپ بوش تۇت، لېكىن ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمە،
بولمىسا قايتا دىدارىنى كۆرەلمەيسەن.

«بوستان» دىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

دۈشمەندىن ئالغان يەرنىڭ ئاھالىسىگە بۇرۇنقى خوجىسىدىن ياخشى مۇئامىلە قىل. بۇنداق قىلساڭ، دۈشمەن قايتا باش كۆتۈرگەندە، ئۇنى ئالدى بىلەن شۇ ئاھالە دۈمبالايدۇ.

لېكىن ئۇلارغا ئەزىيەت قىلساڭ، دۈشمەنگە شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنى تاقىشىڭ بىكار ئاۋارىچىلىكتۇر. دەرۋازىلارنى بىكاردىن تاقىما ۋە دۈشمەنلەر دەرۋازىمىزغا يېتىپ كەلدى دېمە، چۈنكى سىرتقى دۈشمەننىڭ شېرىكلىرى ئىچىڭدىكى يەرلىك ئاھالىدۇر.

«بوستان» دىن

قەيەردە بىر زالىم بولسا ئۇنىڭغا رەھىم قىلما، چۈنكى زالىمغا رەھىم قىلىش، خەلققە زۇلۇم قىلىش دېمەكتۇر.

«بوستان» دىن

ئوغرى ـ قاراقچىلارغا رەھىم قىلغان ئۆز قولى بىلەن كارۋاننى ئۇرغان بولىدۇ.

«بوستان» دىن

زالىمنىڭ كاللىسىنى ئال، زالىمغا زۇلۇم بىلەن تاقابىل تۇرۇپ ئەدىپىنى بېرىش ئادالەتنىڭ نەق ئۆزىدۇر.

«بوستان» دىن

مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشقا مەسئۇل قىلغان كىشىڭ يامان

قانۇن چىقارسا ۋە ئوتتۇرىغا قويسا، ئۇنىڭ مەقسىتى بۇ دۇنيادا سېنى نابۇت قىلىش، ئاخىرەتتىمۇ سېنى ئوتقا تاشلاشتۇر. شۇڭا، ئۇنى ئەقىللىق دەپ ئىش بېشىغا قويما، ئەمەلىيەتتە ئۇ بەختسىزنىڭ بىرىدۇر.

«بوستان» دىن

سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىدىكى ئۇلۇغلار قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە بولىدۇ.

«بوستان» دىن

پەسكەش ھۆكۈمدارلار مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشتا دۆلەتنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش كېرەك، دەپ خەلققە سېلىق سالىدۇ.

«بوستان» دىن

خوجايىن قۇلىنى نازلاندۇرۇپ، يۈزسىزلىك قىلدۇرسا، قۇلمۇ خوجايىنلىق دەۋاسى قىلغىلى تۇرىدۇ.

قۇل خىزمەت ئۈچۈن ئېلىنىدۇ. قۇل نازىنىن بولسا، خوجايىنغا مۇشت ئاتىدۇ.

«بوستان» دىن

ئەگەر شاھلار بىراۋغا مەنسەپ بەرسە، ئاڭا دۇشمەن چىقمىغىمۇ بىر دەملىك.

«بوستان» دىن

قۇدرەتلىك، بىلىملىك شاھ ھېچقاچان تۆھمەت بىلەن ئىنغۋا-دىن غەم يېمەيدۇ. دۇنيادىن خام پىكىرلىك بولۇپ ئۆتسە، پادىشاھلىق تاجى ھارام بولىدۇ.

«بوستان» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

ھەربىي قوشۇن شاھىدىن شاھ بولمىسا، مەملىكەتتە تىنچ-ئامانلىق بولماس.

«بوستان» دىن

ئۆز خەلقىڭنى دەل-دەرەخ ئۆستۈرگەندەك پەرۋىش قىلساڭ، ئۇلار تۈرلۈك-تۈمەن مېۋە بېرىدۇ.

«بوستان» دىن

پۇقرالارغا زۇلۇم سالماي ئۆتكەننىڭ كۆڭلى پۈتۈن، كۈنى راھەتتە بولىدۇ.

«بوستان» دىن

ئاق-قارىنى، چوڭ-كىچىكنى بىلمەكلىك ئۇلۇغلارغا ئىنتايىن مۇھىم شەرتتۇر.

«بوستان» دىن

ئەگەر شاھ ئەقىل-پەمدە يىلقىچىدىن كەم بولسا، تاجۇ تەختكە خەۋپ يېتەر.

«بوستان» دىن

جاپاكەشلەر دادىغا كۆڭۈل بۆلسەڭ، ھاۋالاردا ئويناپ ئۇچۇپ يۈرىسەن.

«بوستان» دىن

دەۋرىڭدە ئەل زالىمدىن زۇلۇم كۆرسە، بۇ زۇلۇمنىڭ گۇناھى ساڭا بولىدۇ.

—«بوستان» دىن

خەلق ئازابىتىن زەھەر ئىچىپ ئۆلسە، تامىقىڭدىن

شېكەر ـ شەربەت ئۆتەمدۇ؟

«بوستان» دىن

ئەگەر ئېلى زەخمەت چەكسە ۋە ئاچ بولسا، شاھ ئۇچۇن زىبۇ زىننەت ياراشمايدۇ.

«بوستان» دىن

كىمدەكىم ئۆز ئېلىنى ئاپەتتىن ساقلاپ قالسا، ئاپىرىن ئېيتىش كېرەك.

«بوستان» دىن

ئەل غېمىنى يېگەن مەردۇمەردانىلەر جاپا ئىزدەپ راھەتتىن ۋاز كېچىدۇ.

«بوستان» دىن

ئىرادە ۋە ساداقەتتە شاھلىق قىل، لاپ ئېتىشتىن ھامان تىلىڭنى ساقلا.

«بوستان» دىن

زۇلۇم ـ زۇلمەت نەدە ھەددىدىن ئاشسا، بىرەر لەۋمۇ كۈلكىدە ئېچىلمايدۇ.

«بوستان» دىن

چۇمۇلىلەر بىرلىشىپ تۇتۇش قىلسا، يوغان شىرمۇ مۇخالىپ كېلەلمەيدۇ. خەلقنى زۇلۇم بىلەن قاقشاتمىغىن، ئاقىۋەتتە ھېچ غالىب بولالمايسەن.

«بوستان» دىن

زۇلۇم بىلەن ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغقاندىن، خەزىنىسىز ئەھ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋالىلىق ياخشىراقتۇر.

«بوستان» دىن

سەن خەلقنى بىكاردىن ـ بىكار ئەزمە، ئەسلىدىن شاھ پادىچى، خەلق قويدۇر.

«بوستان» دىن

ئەگەر شاھ ئەسكىرىنىڭ قورسىقى توق، خۇشال بولسا، ئۇرۇشلاردا زەپەر قۇچار، ئەگەر ۋاپا بىلەن ئىنتىزام يوق بولسا، ھەربىرى ئۇرۇشلاردا جان تىكمەيدۇ.

«بوستان» دىن

ئۆز غىمىدە پايپاسلاپ قانلىق جەڭلەردە كۆچ بەرمىگەن بەگلەرنى مەرد دىمەيمىز.

«بوستان» دىن

ئەگەر شاھلار ئويۇن ـ كۈلكىدە بولسا، سەلتەنىتى ئۆز ئىلكىدە بولالمايدۇ.

«بوستان» دىن

ئۇن كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئالالىساڭ، يۈز ھۇجۇمدىن كۆرە مۆتىۋەر بولار.

«بوستان» دىن

ئەسىرلىكنى بىلمەيدىغان كىشىلەر ئەسىرلەرگە قورقماي زۇلۇم ئەيلەيدۇ، مۇبادا ئەسىرلىكنى ياخشى بىلسە، تۇتقۇنىغا خەيرىيەتلىك تىلەيدۇ.

«بوستان» دىن

ئۆز شاھىغا قارشى چىققان بەگلەرنى ئىشقا قويما، ئۆز شاھىنىڭ ئىززىتىنى بىلمىگەن سېنىمۇ ھەم ھەرگىز ئامان قويمايدۇ.

«بوستان» دىن

بىرەر دۆلەتنى ئۇرۇش بىلەن ئالساڭ، ئۆزلىرىگە تاپشۇر.

«بوستان» دىن

ئەگەر مەھكۇملار قان ئىچمەكچى بولسا، ئاۋۋال زوراۋانغا قول سالار.

«بوستان» دىن

بىر يۇرتنى دۈشمىنىڭدىن تارتىۋالساڭ، خەلقنى ئۇنىڭدىن بەكرەك پاراۋان قىل، ئەگەر قايتىدىن ئۇرۇش بولۇپ قالسا، سەن تەرەپتە بولۇپ ياۋدىن جان ئالار.

«بوستان» دىن

شەھەر خەلقىگە جەبىر ـ زۇلۇم سالساڭ، ياۋغا ئىشىك ياپقىنىڭ بىكار كېتەر، دۈشمەن يالغۇز تاشقىرىدا بولمايدۇ.

«بوستان» دىن

مەغرۇر بولۇپ يوقسۇللارنى خار تۇتسا، پادىشاھنىڭ گۇناھى ئارتۇق بولۇر.

«بوستان» دىن

يوقسۇللارنى قوللاش مۆتىۋەرلىك بولۇر.

«بوستان» دىن

ئىچى سۇغا تولغان كۈپ بولساڭ، لېكىن نۇر چاچقۇچى شام چىراغ بولالمايسەن.

«بوستان» دىن

كۈچلۈكلەرنىڭ جاپاسىنى تارتمىغان، هامان ئاجىزلارغا ئۇ-ساللىق قىلار.

«بوستان» دىن

ئەگەر جاهاننى قايىل قىلاي دېسەڭ، خالايىققا شەپقەت قىل، ئۇرۇش قىلما.

«بوستان» دىن

ئەگەر ئىشىڭ شەپقەت بىلەن هەل بولسا، هەرگىز كىشىنى يامانلىققا تارتما.

«بوستان» دىن

كۆڭلۈڭنىڭ رەنجىشىنى ئىستىمىسەڭ، ئاۋۋال رەنجىگەنلەر ئىشىنى ئوڭلا.

«بوستان» دىن

## 2. ئىنسانىي پەزىلەت ھەققىدە

پاك دىل كىشىلەرنىڭ ئادەملەرگە بولغان مېھىر - مۇھەببە-تى ئالدىدا بولسۇن، كەينىدە بولسۇن بىر خىلدۇر. ئۇلار سېنى ئارقاڭدا تىللىمايدۇ، ئالدىڭدا سەن ئۈچۈن ئۆلۈپ بەرمەيدۇ.

«گۈلىستان» دىن

شەپقەتسىز قاراقچى زەپەر تاپقاندا، كارۋان زارىغا پەرۋا قىلامدۇ؟

«گۈلىستان» دىن

تىنچ كۈندە دەردمەننىڭ بېشىنى سىلا، مىسكىنىنى خۇش قىلساڭ بالا كەلمىگەي، تىلەمچى سورىغان نەرسىنى بەرگىن، ئەگەر بەرمىسەڭ، زومىگەر كۈچ بىلەن ئالىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

ئۆزۈڭ توغرا بولساڭ، بەتنىيەت پىتنىچى كۈچى يەتمەي سەندىن قۇسۇر تاپالمايدۇ. راۋابنىڭ ئۈنى پەدىگە ماس بولسا، چال-غۇچى ئۇنىڭ قۇلىقىنى بىكار تولغىماس ئىدى.

«گۈلىستان» دىن

سەندە زوق - شوق بولمىسا، دۆت مەخلۇقسەن.

«گۈلىستان» دىن

بايلىقنى تىلىسەڭ قانائەتنى تۇت، چۈنكى قانائەت تۈگىمەس دۆلەت، يەنى ئىبتىكىگنى زەرگە تولدۇرسا، ئۇنىڭ ئىھسانىغا پەقەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۆز سالما.

«گۈلىستان» دىن

كىشىدىن ئورۇنسىز كايىش كۆتكىچە، ئۆزۈڭگە پەقەتلا ئۆزۈڭ كايىغىن.

«گۈلىستان» دىن

خۇنۇك چىراي، قىلىقى سەت، ناباپ مېھمان كېتەي دېسە، ھەرگىز تۇتما، يولىغا راۋان بولسۇن.

«گۈلىستان» دىن

ئەگەر ئۇلۇغ كىشى كۈچ ـ قۇدرەتتىن قالسا، ئابرۇيىم چۈشەر دەپ ئويلاپ قالما.

«گۈلىستان» دىن

ھۈنەر ـ سەنئەت ئىشلەتمىسەڭ پايدا يوقتۇر.

«گۈلىستان» دىن

ئوغلۇم، ئەمەلگە ئاشمايدىغان خىيالنى كاللاڭدىن چىقىرىپ تاشلا، قانائەت ئايىغىنى سالامەتلىك ئۈستىگە بىلەن ياپ، چۈنكى چوڭلار ئېيتىدۇ: بەختۇدۆلەت كۆچىنىپ قولغا كەلتۈرىدىغان نەرسە ئەمەس، ئازراق ھاياجانلانغىنىڭ تۈزۈك.

«گۈلىستان» دىن

كىم ئاتا ـ ئانىسىنى ھۆرمەت قىلمىسا، ھېچقاچان بەختىيار، ئەزىز بولالمايدۇ.

«گۈلىستان» دىن

خۇددى قۇدۇق شەبنەم بىلەن تولمىغاندەك، تەمەخورنىڭ كۆزى

ئىنئام بىلەن تويماس.

«گۈلستان» دىن

ئىنسان ئالدىدا يېگى پىشقان خورما تۇرسا، ئۈزۈم شىنگىلىگە تاش ئاتمايدۇ.

«گۈلستان» دىن

جاھىللارنىڭ ئادىتى شۇنداق بولىدۇ: دۈشمىنىنى دەلىل ـ ئىسپات بىلەن يېڭەلمىسە، ئاداۋەت زەنجىرىنى جىرىڭلىتىشقا كىرىشىدۇ.

«گۈلستان» دىن

ھەددىدىن زىيادە غەزەپلىنىش ۋەھىمە تۇغدۇرىدۇ، ئورۇنسىز يۇمشاقلىقمۇ ھۆرمەتنى كەتكۈزىدۇ. قوپاللىق قىلما، كىشىلەر سەندىن بىزار بولىدۇ؛ ئۇنچىلىك ياۋاشمۇ بولۇپ كەتمە، كىشىلەر سېنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

«گۈلستان» دىن

بەتخۇي ئادەم دۈشمەنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ ـ دە، نەگە بارمىسۇن ئۇنىڭ ئازابىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

«گۈلستان» دىن

ئون ئادەم بىر داستىخاندا تائام يەيدۇ، ئەمما ئىككى ئىت بىر تاپ ئۇستىدە چىقىشالمايدۇ. ئاچ كۆز ئادەم پۈتۈن جاھان بىلەنمۇ تويمايدۇ. قانائەت قىلغۇچى بىر نان بىلەن توق يۈرىدۇ، شۇڭا دانىشمەنلەر ئېيتىدۇ: «مال ـ مۈلۈك بىلەن باي بولغاندىن كۆرە، قانائەت بىلەن باي بولغان ياخشىراق.»

«گۈلستان» دىن

كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ھەممە كىشىگە ئۆز ئەقلى كامالەتكە تولغان تۇيۇلىدۇ ۋە ئۆز بالىسى چىرايلىق كۆرۈنىدۇ.
«گۈلىستان» دىن

ھەرقانداق ئىش سەۋرچانلىق بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئالدىراڭغۇلۇق كىشىنى پۇشايمانغا قالدۇرىدۇ.
«گۈلىستان» دىن

نادانغا سۈكۈت قىلىشتىن ياخشى نەرسە يوق، ئەگەر بۇ مەسلىھەتنى چۈشەنسە، ئۇ نادان بولماس ئىدى.
«گۈلىستان» دىن

كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئەيىبىنى تاتىلاپ ئاچما، چۈنكى ئۇلارنى رەسۋا قىلىش بىلەن بىللە ئۆزۈڭنىمۇ ئىشەنچسىز ئادەم قىلىپ قويىسەن.
«گۈلىستان» دىن

ھەركىم تاشقى كۆرۈنۈشتە چىرايلىق بولسا، ئىچكى دۇنياسى گۈزەل بولۇۋەرمەيدۇ. ئىش كۆڭۈلدە، ھەرگىز تېرىدە ئەمەس.
«گۈلىستان» دىن

كىمكى ئۇلۇغلار بىلەن ئېلىشسا، ئۆز قېنىنى تۆكىدۇ.
«گۈلىستان» دىن

پەس ئادەملەر ھۈنەر ـ پەزىلەتتە باشقىلار بىلەن تەڭ كېلەلمىسە، رەزىللىكى بويىچە ئارقىدىن غاجاشقا باشلايدۇ.
«گۈلىستان» دىن

توۋا قىلىشقا قول كۆتۈرگەن گۇناھكار ئادەم غادىيىۋالغان

سوپىدىن ياخشىراق.
«گۈلىستان» دىن

ئىككى كىشىنىڭ يۈرىكى ھەسرەتتىن خالىي بولمايدۇ ۋە ئا-يىغى پۇشايمان پاتقىقىدىن چىقالمايدۇ: بىرى، كېمىسى ۋەيران بولغان سودىگەر؛ يەنە بىرى، قەلەندەرلەر بىلەن ئۈلپەتلەشكەن مى-راسخور ئادەم.
«گۈلىستان» دىن

نامەرد ئادەم خوتۇن كىشىدۇر، تەمەگەر سوپى قاراقچىدۇر.
«گۈلىستان» دىن

خۇلقى گۈزەل بىر ھەربىي قوماندان بىرەھىم زالىم ئالىمدىن ئۈبدان.
«گۈلىستان» دىن

تاشقى قىياپەت جەھەتتە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ئادەمدۇر، مەۋجۇداتنىڭ ئەڭ خار - تۆۋىنى ئىتتۇر. ئەمما دانىشمەنلەرنىڭ بىردەك پىكرى بويىچە، ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان ئىت ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئادەمدىن مىڭ ياخشى.
«گۈلىستان» دىن

ئۆز نەپسىنىلا ياخشى كۆرىدىغان ئادەم قابىلىيەتلىك كىشى بولالمايدۇ، قابىلىيەتسىز ئادەم باشلىق بولۇشقا يارىمايدۇ.
«گۈلىستان» دىن

نەپسىنى يىغقان يىگىتنى ھەق يولىدا شىر دېگىن.
«گۈلىستان» دىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەگەر ياخشى يولنى ئىزدىسەڭ، پاك بول.

«بوستان» دىن

پىتنە دېگەن ئويغانمىسا ياخشىراق.

«بوستان» دىن

سەن ئېھساننىڭ دەرىخىنى كۆكەرتسەڭ، سېنى ھېچ قۇرۇق قويمايدۇ، مېۋە بېرىدۇ.

«بوستان» دىن

ئۇلۇغ تۇرۇپ ياخشى نامى قالمىسا، ئۆلدى، پۈتتى، ئۇ دۇنيادىن تۈگەيدۇ.

«بوستان» دىن

ھەر كىشىكىم ئەلگە ئېھسان ئەيلىسە، ئۇلاردىن ئەل رەھمىتى كەم بولمايدۇ.

«بوستان» دىن

ھىممەت يولى بارچە يولدىن ئەلا يول.

«بوستان» دىن

يامانلاردىن ھەرگىزمۇ ياخشى نام قالماس.

«بوستان» دىن

ھەي ئوغلۇم، كىچىكلەرنى بوزەك قىلما، ئۆزۈڭ چوڭلار زۇل-مىغا دۇچ كېلىسەن.

«بوستان» دىن

ئالدىڭدا مەيۈس يېتىم تۇرغان بولسا، ئۆز ئوغلۇڭنى ئەركە-لىتىپ لال قىلما. يېتىم يىغلىسا كىم يېشىنى ئېيتىپ تەسەللى

بەرگەي؟ يۈزلىرىنى چاڭ باسسا سۈرتۈپ قويغىن، ئۇنىڭ بېشىنى سىلا. گەر تۇغقىنى، تونۇشلىرى بولمىسا، سەن ئۇنى پەرۋىش قىل، بېقىۋالغىن.

«بوستان» دىن

ياش بولساڭ قېرىلارنى كۈتكىن، ئۇلارنى قوللا، ئەمما سېنى قوللاشنى تەلەپ قىلما.

«بوستان» دىن

غەيۋەتتىن ئوغرىلىق كۆپ ياخشىراق، ئوغرى جاسارەتلىك بولىدۇ. كۈلپەتتىن كۈچ بىلەن قۇتۇلىدۇ. قېنى، غەيۋەت قىلساڭ نېمە تاپالايسەن، پەقەت ئۆزۈڭ خىجالەت بولۇپ قالىسەن.

«بوستان» دىن

ئاقىلنىڭ ئىشى ئۆزى بىلەن بولماقلىقتۇر.

«بوستان» دىن

ئەگەر كىشى ئۆزگىنى يامان دېسە، سېنى ھېچقاچان ياخشى دەپ ئېيتمايدۇ.

«بوستان» دىن

غەيۋەت ئۈچ خىل ئادەمگە راۋا ئىمىش. تۆتىنچى بولۇپ قالسا، ئۇ خاتا. ئەلگە زۇلۇم ئەيلىگۈچى پادىشاھ دائىم غەيۋەتتىن خالىي بولالمايدۇ. زۇلۇمدىن غەيۋەت قىلساڭ ھالال بولار. خەلق بىلىپ ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلسۇن. ئىككىنچى خىل مۇناسىپى، ھاياسىز. ئۇ پات ـ پات پەردىسىنى يىرتىپ تۇرار. كۆلچەككە چۈشەي دېسە ئۇنى توسما. ئاخىر بېرىپ ئۇ قۇدۇققا يىقىلغاي. ئۈچىنچىسى، تارازىدا ئالدامچى ئىكەنلىكىنى بىلسەڭ، ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چاۋىسىنى چىتقا ياي!

«بوستان» دىن

دۈشمىنىڭنىڭ پىتنىسىنى ئەكەلگەن ئۆزىنى دۈشمىنىڭگە دوست قىلىدۇ.

«بوستان» دىن

چېقىمچى كونا ئۆچىنى يېڭى قىلىپ، ئۆچۈپ قالغان پىغاننى ياندۇرىدۇ. مۇمكىنقەدەر ئۇنىڭغا يېقىنلاشما، ئۇ تىنچ ياتقان يىلاننى قوزغايدۇ.

«بوستان» دىن

چېقىمچىنىڭ يۈگۈرۈك ئاغزى زىندان ئارا كىشەندە ياتسا تىنجىيدۇ.

«بوستان» دىن

ئىككى كىشى ئارىسىدا ئوت كۆيگەندە، چېقىمچىنى ئوت ياققۇچى دەپ بىلگىن.

«بوستان» دىن

ئەلدىن كېچىپ غارغا بېرىپ ياتساڭمۇ ئەيىب ئىزدىگۈچىدىن قۇتۇلالمايسەن.

«بوستان» دىن

دەريالارنى كۈچ بىلەن توسۇش مۇمكىن بولسىمۇ، چېقىمچىنىڭ تىلىنى توسۇيالمايسەن.

«بوستان» دىن

تۆلكە ياكى شىرلىق يولى بىلەنمۇ پىتنە ـ پاسات يولىنى

توسۇيالمايسەن.

«بوستان»دىن

ئۆزگە بىلەن ھەرگىز ئىشىڭ بولمىسا، ئەلدىن يىراق خىلـ. ۋەتتە ياشىساڭمۇ، دىۋە مىجەز ئادەم دەپ گەپ تارقىتار. ئەلدىن قورقۇپ قاچتى دەيدۇ، ئەلۋەتتە.

«بوستان» دىن

باي كىشى ئارتۇقچە ياسىنىشتىن نومۇس قىلىپ، ئاددىي كىيىم كىيىپ يۈرسە، (غەيۋەتچىلەر) تىللىرىنى ئاڭا خەنجەردەك تىقىپ، ئۇنىڭ قىلمىشىنى پىخسىقلىق دەيدۇ.

«بوستان» دىن

سەن باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى پەش قىلما. ئۇمۇ ئوخشاش ئەيدـ بىڭنى پەش قىلىدۇ.

«بوستان» دىن

ئانا سۈتى ھالال بولغان يىگىتلەر شۈكرى ئېيتىپ رىزقىنى ھالال يەيدۇ.

«بوستان» دىن

كىبىر بىلەن كامال تاپقان ئادەم يوق. تەكەببۇرلۇق ساڭا كىبىر كۆرسەتسە، نەزىرىڭدىن قىممىتى چۈشۈپ كېتەر. ئۆزۈڭـ دىمۇ كىبىرلىك بولغان بولسا، سەنمۇ ھەرئاندا شۇنداق كۆرۈنىسەن.

«بوستان» دىن

مەرد بولساڭ ھېچقاچاندا ماختانمىغىن، ماختىنىشتىن ھېچ كىشىگە زەپەر يوق.

«بوستان» دىن

قانائەت قىلساڭ بېشىڭ كۆككە يېتەر، تەمە قىلساڭ ئامىتىنىڭ بەتتەر كېتەر.

«بوستان» دىن

قەدرىڭنى پارچە نانغا سېتىۋەتمە، ھۆرمىتىڭ تەمە بىلەن يوق بولىدۇ.

«بوستان» دىن

ئەگەر ھەر كىم تەمە قولى بولمىسا، تۇرمۇشى ئازاد ئۆتەر، ئەركىن بولار.

«بوستان» دىن

تەمە سېنى جەمئىيەتتىن چىقارغاي.

«بوستان» دىن

ئۇچرىغانلا كىشىگە ماختانمىغىن، ئېھتىيات قىل، مۇقامدىن چىقىپ كەتمە.

«بوستان» دىن

تەمەنىڭ ئاغزى ھەرقاچانكى ئوچۇق.

«بوستان» دىن

پەلەكتىن نالە قىلماي، پېئىلىڭدىن نالە قىل.

«بوستان» دىن

بىئەدەپلىكتە مەشھۇر كىشىدىن ئارتۇقچە خەير كۈتمە.

«بوستان» دىن

# 3. تىل پەزىلىتى ھەققىدە

بىر بۇلۇڭدا ئۇندىمەي تۇرغان كىشىلىك تىل، گاس قۇلاق، تىلنىڭ تىزگىنى يوق ۋات ـ ۋات ئادەمدىن ياخشىراق.

«گۇلستان» دىن

سۇكۇت ساقلاش ئەدەپ جۈملىسىدىندۇر. زۆرۈر چاغدا سۆزلەشكە ھەردەم تىرىش. زۆرۈر چاغدا سۆزلىمەسلىك يا بىر مەزگىل چەكتىن ئېشىش ئەقىلسىزلىكتۇر.

«گۇلستان» دىن

نۇتۇقتا چېنىققان ياشانغان كىشىنىڭ ئىشى سۆز ئاچماقتىن ئالدىن پىكىر قىلىشتۇر. پىكىر قىلماي ھەرگىز زۇۋان سۈرمىگىن، مەيلى كېيىن سۆزلىسەڭمۇ گۈزەل سۆزلە. بۇرۇن پۇختا ئويلاپ، ئاندىن سۆزگە جۈرئەت قىل، «بەس!»دېيىشتىن ئالدىن سۆزۈڭنى تۈگەت.

«گۇلستان» دىن

كىشى تىل بىلەن ئۇلاغدىن ياخشىراق. خاتا سۆزلىسەڭ، ئۇلاغ سەندىن ئارتۇق.

«گۇلستان» دىن

پىتنە تۇغدۇرىدىغان راست سۆزدىن ياخشىلىق يەتكۈزىدىغان يالغان سۆز ئەۋزەل.

«گۇلستان» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



كىمنىكى جىنىدىن ئۈمىد ئۈزسە، كۆڭلىدىكى ھەممە گېپىنى ئېيتىۋالىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

ئەگەر سۆزگە دەل پەيتنى تاپمىساڭ، قۇرۇق سۆز بىلەن ئۆزۈڭنى چۈشۈرمە.

«گۈلىستان» دىن

بىر قوپال مەنمەنچى مەجلىستە بولۇپ قالسا، نۇرغۇن ئاقىلنىڭ كۆڭلى غەشلىككە تولىدۇ. بىر كۆل گۈلاپ ـ شەربەتكە تولدۇرۇلسا، شۇ دەم ئىت چۈشسە ئەۋرەزگە ئايلىنار.

«گۈلىستان» دىن

ئاڭلىغۇچى سۆزنىڭ پەمىگە يەتمىسە، ناتىقتىن زىيادە ئىلھام ئىزدىمە!

«گۈلىستان» دىن

بىر سۆز ئويۇن ـ چاقچاق بىلەن ئېيتىلسا، زېرەك كىشى ئايرىمچە مەنپەئەت ئالىدۇ. ناداننىڭ ئالدىدا يۈز بابچە ھېكمەت ئوقۇلسا، ھەزىلنىڭ ئورنىدا ئاڭلايدۇ.

«گۈلىستان» دىن

پىلنى شېرىن تىل بىلەن سىلاپ ئەركىلەتسەڭ، بىر تال قىل بىلەن يېتەكلەيسەن.

«گۈلىستان» دىن

كىشى ھەرگىز ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى ئىقرار قىلمايدۇ، پەقەت شۇ كىشىكى، بىرى سۆزلەۋاتقان چاغدا سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا سۆز

باشلىسا، بۇ ئاشۇ ئادەمنىڭ ئۆز نادانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقى.
«گۇلىستان» دىن

شۇ قوپال ئاۋاز بىلەن سەن يۇرەكنى قىرغاندەك، ھېچ كىشى گۇرجەك بىلەن تاش يۇزىدىن لاينى قىرماس.
«گۇلىستان» دىن

سەن سۆزۈڭنىڭ راستلىقىنى بىلمىسەڭ ئۇنى ئېيتما.
«گۇلىستان» دىن

سۆزلىگۇچىنىڭ كەمچىلىكىنى بىراۋ كۆرسىتىپ بەرمىگۇچە، ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەيدۇ.
«گۇلىستان» دىن

ئەگەردە خىسلەت، كامالىڭ بولمىسا، تىلىڭنى ئاغزىڭدا ساقلاش ياخشىراق، تىل دېگەن ئادەمنى بۇلغاپ قويىدۇ.
«گۇلىستان» دىن

كىمكى دانالىقىمنى كىشىلەر بىلسۇن، دەپ ئۆزىدىن داناراق كىشى بىلەن بەس ـ مۇنازىرە قىلسا، ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ.
«گۇلىستان» دىن

نادان بىلەن سۆزلىشىپ قالغان دانا كىشى ئۆزىگە ھۆرمەت قىلىشنى كۈتمەسلىكى كېرەك، ئەگەر نادان كىشى دانانى سۆزدە يېڭىۋالسا، ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، تاش گۆھەرنى پارچىلاپ تاشلايدىغۇ!
«گۇلىستان» دىن

www.uyghurkitap.com

ئاقىل ئادەم بىر توپ چۈپرەندىلەر ئارىسىدا سۆزىنى ئاقتۇرال-مىسا، ئەجەبلەنمىگۈلۈك. چۈنكى، دۇمباقنىڭ گۈمبۈرلىشى تەم-بۇرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاتقۇزمايدىغۇ ھەمدە سامساقنىڭ پۇرىقى ئەن-بەرنىڭ ھىدىنى بېسىپ كېتىدىغۇ.

«گۈلىستان» دىن

ئەگەر نادانغا سۆزدە خوش ـ خوش دېسەڭ، بىردىنلا كىبىرى ئۆسۈپ كۆرەڭ بولغاي.
كىمىكى سۆزنى چاغلاپ سۆزلىمىسە، ئاچچىق جاۋاب ئاڭلايدۇ.
«گۈلىستان» دىن

يالغان سۆزلەش ئىز قالدۇرىدىغان زەربىگە ئوخشايدۇ، يارا سا-قايغان تەقدىردىمۇ بەلگىسى قالىدۇ.
«گۈلىستان» دىن

سۆز ئويىنىتىش گۇناھكارنىڭ خىسلىتى، غەرەزلىكلەر سۆزى ھەرگىزمۇ سۆز ئەمەس.
«بوستان» دىن

سىرىڭنى كىشىلەرگە ئايان قىلما، كۆپ ھاللاردا ئۆلپەتلىرىڭ گەپ توشۇيدۇ.
«بوستان» دىن

يىگىت بولساڭ ھوشيار بول، سىر ساقلىغىن.
«بوستان» دىن

سۆز ئۈچۈن پۇختا ئاساس كېرەك. تالاشقاندا مۇشتلىشىش دەلىل ئەمەس.
«بوستان» دىن

بىلمىگەندە جىم تۇرۇش توغرا ئىشتۇر.

«بوستان» دىن

شېرىن سۆزلۈك سويار دۈشمەن پوستىنى، قوپال سۆزلۈك دۈشمەن قىلار دوستىنى.

«بوستان» دىن

سۆزى قوپال ئادەم ئازابتا ئۆتەر.

«بوستان» دىن

شېرىن سۆزلۈك پەم بىلەن ئىش كۆرىدۇ.

«بوستان» دىن

قوپال سۆزلۈك تەتۈر پېشانە بولۇر.

«بوستان» دىن

يۇمشاق سۆزلە يۇمشاق نېنىڭ بولمىسا، شېرىن سۆزدە سەئىدىنى نىشانە قىل.

«بوستان» دىن

ئەھۋالىڭ ناچار بولسا يوشۇرمىغىن، يالغانچىلىق ئۇيالتتا قالدۇرىدۇ.

«بوستان» دىن

بىلگەنلىرىڭ ئاز بولسا، كۆپ سۆزلىمە.

«بوستان» دىن

ئەگەر بىراۋنىڭ گېپى تولا بولسا، ئۇنىڭ سۆزلىرى كىشىلەرگە كار قىلمايدۇ.

«بوستان» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

توختىماستىن سۆزلەۋەرسەڭ، ئۆزگىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالالمايسەن.

«بوستان» دىن

سۆز دېگەن ئىنسان ئۈچۈن كامالەتتۇر. ئاز سۆزلە، بىلمەي تۇرۇپ ۋالاقلىما.

«بوستان» دىن

گېپى تولا ئادەمگە يېقىنلاشما، قىلغان سۆزۈڭ ئاز، لېكىن ساز بولسۇن.

«بوستان» دىن

مەرد يوق كىشىنىڭ گېپىنى قىلمايدۇ.

«بوستان» دىن

ئىنساننى ئارقىسىدىن غاجاپ يۈرمە، غەيۋەت قىلساڭ تامىنىڭمۇ قۇلىقى بار.

«بوستان» دىن

دىلىڭ شەھەر، سىرىڭ بىر مەھبۇس بولسۇن، مەھبۇس ئۈچۈن زىنداننى قاتتىق تۇتقىن.

«بوستان» دىن

تىلىڭنى ئەقلىڭ بىلەن تارتىپ يۈرسەڭ، ھەلبىڭنى مەجلىس ئارا يورۇتىدۇ.

«بوستان» دىن

ئىچ سىرىڭنى ھەرگىز باشقىغا ئېيتما، ئۇمۇ باشقىلارغا ئېيتماي قويمايدۇ.

«بوستان» دىن

ئالتۇنۇڭ بولسا خەزىنىچىگە تاپشۇر، ئەمما سىرىڭنى دىلىڭدا پىنهان ساقلا. بىراۋلارغا چىدىيالماي سىرىڭنى دەپ قويساڭ، بالا تېرىپ بېشىڭنى تىنچ قويمايدۇ.

«بوستان» دىن

قىلغان ھەربىر سۆزۈڭگە ئېھتىيات قىل، بىلمىگىنىڭ توغرۇلۇق گەپ ئاچمىغىن.

«بوستان» دىن

ئاقىل بولساڭ، ئەقلىڭنى روشەن قىلىپ، گەپنى ئاز قىل، ھۆرمىتىڭنى ساقلىغىن.

«بوستان» دىن

دىل سىرىڭنى ئالدىراپ ئېچىپ قويما. ئۇنى خوپ بىلە-سەڭ، كېرەك چاغدا ئاچقىن. ئەگەر سىرىڭ ئەل ئىچىدە پاش بولسا، كېيىن ئۇنى قايتۇرۇۋالالمايسەن.

«بوستان» دىن

ئادەم سۆزلەر، ئەمما ھايۋان سۆزلىمەيدۇ. ئىچ سىرىڭنى ھايۋانغا ئېيتساڭ يارىماس.

«بوستان» دىن

شاللاق مىجەز ئىنسانغا سىر بەرگۈچە، ھايۋان بولۇپ يۈرگىنىڭ ياخشىراق.

«بوستان» دىن

ئادەم ئۇچۇن ئەقىل بىلەن سۆز كېرەك. سەن ئەقىلسىز تۇتىدەك سۆز ئۆگەنمىگىن.

«بوستان» دىن

ئادەمنىڭ ھايۋاندىن پەرقى سۆز بىلەندۇر. خاتا سۆزنى قوي، ئەسلا سۆزلىمىگىن.

«بوستان» دىن

ھەر ئىنسان ئاساسى يوق سۆزلەپ يۈرسە، قىلغان سۆزى پۈتۈنلەي لاپ بولىدۇ.

«بوستان» دىن

جىسمىڭ ئارا كۆز ـ قۇلاق ھوشيار بولسۇن، ئېغىز سۆزگە، دىل ئەقىلگە يارالغان.

«بوستان» دىن

بۇزۇق دىلدىن ئەسلا ياخشى سۆز چىقماس.

«ساھبىيا» دىن

ساڭا سىر ئېيتقانغا ئىشىنىۋەرمە.

«ساھبىيا» دىن

## 4. ياخشىلىق ـ يامانلىق ھەققىدە

ياخشىمۇ، يامانمۇ ئاقىۋەت ئۆلىدۇ، ياخشى ئىش قىلغانلار سائادەت تاپىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

كىمكى ياخشى نامدا ئۆتسە، ئۇنىڭ بەختى باقىدۇر. ياخشىلىقتىن ئەل ئارا ياخشى نامى قالغۇسىدۇر.

«گۈلىستان» دىن

يامان ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلىش گويا ياخشىغا يامانلىق قىلغانلىقتۇر.

«گۈلىستان» دىن

كىم ئېغىر كۈنلەردە مەدەت تىلىسە، تىنچ كۈندە ياخشىلىق قىلسۇن.

«گۈلىستان» دىن

ساڭا ھەردەم ياخشىلىق قىلغان كىشى ئۆمرىدە بىر مەرتە سېنى رەنجىتسە ئەپۇ ئەيلە.

«گۈلىستان» دىن

بىر قوۋمدىن بىر ئادەم يامان ئىش قىلسا، چوڭ ـ كىچىك ھەممىنىڭ قەدرىنى قويماس. بىر كالا ئېتىزغا كىرسە، يېزىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

كالىنىڭ بەرىنى بولغار.

«گۇلىستان» دىن

سەن ئۆزۈڭنى يامان ئىشتىن ھەرچاغ ساقلىغىن.

«گۇلىستان» دىن

بىراۋغا بىر يامان ئادەت سىڭسە، ئۆلگۈچە تېنىدىن چىقماس.

«گۇلىستان» دىن

ئىنسان ھامان باشقىلاردىن ياخشىلىقنى كۈتىدۇ.

«گۇلىستان» دىن

ياخشى نامىڭ تالا ـ تۈزگە تارقالسا، ئىشىكنى كىشى يۈزىگە ياپالمايسەن.

«گۇلىستان» دىن

يامانلارغا رەھىم قىلىش — ياخشىلارغا زۇلۇم قىلىشتۇر، زالىملارنى ئەپۇ قىلىش — كەمبەغەللەرگە جەبرى سېلىشتۇر.

«گۇلىستان» دىن

كىمكى كۈچ ـ قۇۋۋىتى بار چېغىدا ياخشىلىق قىلمىسا، يامان كۈنگە قالغاندا جاپا ـ مۇشەققەت تارتىدۇ.

«گۇلىستان» دىن

ياخشىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىق بەخت تەرەپكە يۈزلەنگەندۇر، يامانلارنىڭ دۆلىتى بېشىنى تۆۋەنگە قاراتقاندۇر.

«گۇلىستان» دىن

كىمكى يامان ئادەملەر بىلەن ئۈلپەتتە بولسا، ئۇلارنىڭ

مىجەز ـ خۇلقىنى يۇقتۇرۇۋالسىمۇ، «يامان بىلەن بىر يولدا ماڭغان ئادەم»دېگەن بەتنامغا قالىدۇ.

«گۇلىستان» دىن

ھەرگىز ياخشىلىققا يامانلىق قىلما، ئاڭا زەرەر كەلتۈرمە. كىلىڭ مەردلىك ئەمەس.

«بوستان» دىن

جاھاندىن ياخشىلارمۇ، يامانلارمۇ ئۆتىدۇ، خەلق ياخشىلارنى ئەسلەپ ماختايدۇ.

«بوستان» دىن

زوراۋان يامانلىقتىن قول ئۈزمەيدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭغا ئەلدىن لەنەت ـ نەپرەت يانىدۇ.

«بوستان» دىن

ياخشىلارغا يان بەرمەك پايدىلىق بولسا، يامانغا سۈكۈت قىلىش زىيانلىقتۇر.

«بوستان» دىن

ياخشى كىشى يامانلىققا ماڭمايدۇ. يامان ھەر دائىم يامانلىققا ماڭىدۇ.

«بوستان» دىن

ئادەم يىرتقۇچ ھايۋاندىن ئەلا، ئەمما يىرتقۇچ بولسا يامانلاردىن ئەۋزەلرەك.

«بوستان» دىن

ئۆمرىنى يامانلىقتا ئۆتكۈزمىسە، بەلكى لەنەتتىن خالاس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بولالايدۇ.

«بوستان» دىن

ئۆلۈكمۇ ئۆز گۆرىدە تىنچ ياتار، ئەگەر ئۇندىن ئەل تىنچلىق تاپقان بولسا.

«بوستان» دىن

ياخشى كۆڭۈل زامان ـ زامانلار ئۆلمەس، يامانلار ئۆلۈپ كەتسە زىيان بولماس.

«بوستان» دىن

ئەگەر ئىنسان يىراق زاماننى كۆرسە، ھاياتىدا ئۆچمەنلىك ساقلىمايدۇ. باشاقچىنى ئىپتىزلاردىن قوغلىغان، خاماننى زىيان تارتماي ئالالمايدۇ.

«بوستان» دىن

دوستى يامانغا يامانلىقلار قىلار. ئارپىدىن ھەرگىزمۇ بۇغداي ئۈنۈپ چىقماس.

«بوستان» دىن

بۇ ھاياتتا دوستسىز قالاي دېمىسەڭ، دوستلىرىڭغا ئارقىدىن خەنجەر ئۇرما.

«بوستان» دىن

ساڭا ياۋلىق قىلغانغا شەپقەت قىلساڭ، ئاخىر ئۇمۇ يارانغا ئايلىنىدۇ.

«بوستان» دىن

يامانلارغا ياخشىلىق قىيىن ئىشتۇر.

«بوستان» دىن

زوراۋانغا شەپقەت قىلساڭ، ئەلگە زۇلۇم رەھىمسىزلىك بولىدۇ.

«بوستان» دىن

جاھاننىڭ ئوت ئىچىدە كۆيگىنىدىن، ئوت قويغۇچىنىڭ ئۆزى كۆيسە ياخشىراق.

«بوستان» دىن

كىم ئوغرىغا مېھىر ـ شەپقەت كۆرسەتسە، ئۇنىڭ ئۆزى ئوغرى ياكى قاراقچى.

«بوستان» دىن

كىمكى يامانلارغا ياخشىلىق قىلسا، ئۇندا يامانلىق بەتتەر ئەۋج ئالغاي.

«بوستان» دىن

ئەگەر ئۆزۈڭ مەرد بولساڭ، ئەقلىڭ ھەم بار بولسا، يامانلارغا ھەرگىز ئامانلىق بەرمە.

«بوستان» دىن

ئەگەر دۇنيادا ئىززەت تاپاي دېسەڭ، ئۆزگىلەرگە يامان كۆزدە باقمىغىن.

«بوستان» دىن

قەدىمكىنى ھامان ياخشىلىققا قوي، مۇتتەھەم يامان سۆزنى تاپالمىسۇن.

«بوستان» دىن

ياخشىلىقنىڭ قۇياشىدىن نۇر ئالغان كىشى بىراۋلارنىڭ

ئىشىغا قىزىقمايدۇ.

«بوستان» دىن

ياخشىلارنىڭ كەينىدىن ھەرگىز قالما، شۇندا كۆرەر كۆزۈڭ كۆڭۈللۈك بولار.

«بوستان» دىن

ئادەم بولساڭ پەقەت ياخشىلىق ئىزدە، سېنى تاكى ھايۋاندىن پەرق ئەتسۇن.

«ساھىبىيا» دىن

ياخشىلىق ياردىمىنى ياخشىلارغا قىل. ياخشىغا ياخشىلىق قىلىش ياخشى، بۇنى بىل.

«مۇفرەدات» تىن

## 5. بىلىم، ئەقىل ـ ئىدراك ھەققىدە

گەر بىلىمدىن تۇرمۇش پاراۋان بولسا، نادان ئەڭ قىيىن كۈنلەرگە قالاتتى.

«گۈلىستان» دىن

بايلىق بابىدا پەرىدۇن بولسىمۇ، بىلىمسىزنى سەن ئادەم دەپ سانىما.

«گۈلىستان» دىن

موزدۇز ئۆز شەھىرىدىن يات يۇرتقا كەتسە، ھۈنەر بىلەن جاپا ـ مۇشەققەت تارتماس.

«گۈلىستان» دىن

ئالىملارنىڭ ساپ ئالتۇندەك تەبىئىتى نەگە بارسا چەكسىز قەدىر ـ قىممەت تاپقاي.

«گۈلىستان» دىن

ئەقىللىق كۆزىنى ھېرىس كور قىلار.

«گۈلىستان» دىن

بەزىدە كاللىسى ئۆتكۈر داناىدىن دۇرۇسراق تەدبىر ـ مەسلىھەت چىقمايدۇ. بەزىدە بىر گۆدەك نادان ئۇقۇشماي ئوق ئاتسا نىشانغا تېگىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

www.uyghurkitap.com

دانالار ناداندىن نەپرەتلەنسە، نادانلار دانادىن يۈز ھەسسە يىر-
گىنىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

ئاتاڭدىن مىراس كېرەك بولسا، بىلىم ئۆگەن. ئۇنىڭ مال
دۇنياسى بىر كۈنلا خەرجىلىنىپ بولۇر.

«گۈلىستان» دىن

ئەقىللىق ئادەم ھەرگىزمۇ تەنتەك ئادەمنى ئۇلۇغۋار ئىشقا
قويماس. گەرچە بورىچى باپكار بولسىمۇ، ئۇنى ئەتلەس توقۇشقا يو-
لاتماس.

«گۈلىستان» دىن

ئىلىمنى قانچىلىك ئۆگەنسەڭ ئۆگەن، مۇبادا ئۆگەنگەنلىر-
رىڭنى ئىشلەتمىسەڭ، نە ئالىم، نە بىر دانىشمەن بولالمايسەن،
بەلكى كىتاب يۈكلەنگەن تۆت پۇتلۇق ئۇلاغ بولىسەن.

«گۈلىستان» دىن

پەرھىز قىلمايدىغان ئالىم — مەشئەل كۆتۈرۈۋالغان قارىغۇ،
ئۇ باشقىلارغا يول باشلايدۇيۇ، ئەمما ئۆزى توغرا يولدا ماڭمايدۇ.

«گۈلىستان» دىن

مەملىكەت ئۆز ئالىملىرى بىلەن ھۆسن - جامال تاپىدۇ، ئا-
قىللارنىڭ پادىشاھقا يېقىنلىشىشقا موھتاج بولۇشىدىن كۆرە، پا-
دىشاھلار دانىشمەنلەرنىڭ سۆھبىتىگە كۆپرەك موھتاج بولىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

ئۈچ نەرسىنىڭ ئاساسى مۇستەھكەم ئەمەس: تىجارەتسىز مال؛

بەس ـ مۇنازىرىسىز ئىلىم؛ سىياسەت ـ قانۇنى بولمىغان دۆلەت.
«گۈلىستان» دىن

كىمىكى ئىلىم ئۆگىنىپ ئەمەلدە ئىشلەتمىسە، يەرنى ھەيدەپ قويۇپ ئۇرۇق چاچمىغانغا ئوخشاشتۇر.
«گۈلىستان» دىن

مۇشك خۇش پۇراق چاچقانلىقى ئۈچۈن مۇشك، ھەرگىز ئەتتارنىڭ① ماختىغانلىقى ئۈچۈن مۇشك ئەمەس. دانا كىشى ئەتتارنىڭ قۇتىسىغا ئوخشايدۇ، ئۇ سۆز ئاچماستىنلا ئۆز پەزىلىتىنى كۆرسىتىۋېرىدۇ؛ نادان ئادەم جەڭ دۇمبىقىغا ئوخشايدۇ، گۈلدۈرى بار، ئىچى قۇرۇق.
«گۈلىستان» دىن

ئەقىل دېگەن نەپسىنىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ قالغانكى، گويا ئاجىز ئەر جاڭجالچى خوتۇننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندەك.
«گۈلىستان» دىن

كۈچسىز ئوي ـ پىكىر ھىيلە ـ مىكىردىن ئىبارەت. تەدبىرسىز كۈچ ياۋايىلىق ۋە تەلۋىلىك.
«گۈلىستان» دىن

ئالىم كىشى ساۋاتسىز نادانىنىڭ ئەخمەقلىقىنى يۇمشاقلىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىشى كېرەك. چۈنكى، بۇنىڭ ھەر ئىككى تەرەپكە زىيىنى بار: ئالىمنىڭ ھۆرمىتى چۈشسە، كېيىنكىسىنىڭ نادانلىقى كۈچىيىدۇ.
«گۈلىستان» دىن

---

① ئەتتار ـــ خۇش پۇراق نەرسە ساتقۇچى تىجارەتچى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

گۇناھ دېگەن ھەرقانداق ئادەمدىن سادىر بولسا ئۇياتلىق ئىش بولىدۇ، ئەگەر ئالىملاردىن ئۆتۈلۈپ قالسا تېخىمۇ يامان؛ چۈنكى ئىلىم شەيتانغا قارشى جەڭ قورالىدۇر، قوراللىق كىشى ئەسىرگە چۈشۈپ قالسا تېخىمۇ شەرمەندىلىك بولىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

ئىرادىسىز ئوقۇغۇچى پۇلى يوق ئاشىققا ئوخشايدۇ، بىلىمسىز ساياھەتچى قاناتسىز قۇشقا ئوخشايدۇ، ئەمگەكى يوق ئالىم مېۋىسىز دەرەخكە ئوخشايدۇ، ئىلىمسىز زاھىت ئىشىكى يوق ئۆيگە ئوخشايدۇ.

«گۈلىستان» دىن

ساۋاتسىز سوپى پىيادە قالغان يولۇچىدۇر، ھورۇن ئالىم ئۇخلاپ ماڭغان ئاتلىقتۇر.

«گۈلىستان» دىن

خورلۇق تارتساڭمۇ بىلىمگەننى سورىغىن، بۇ ئىش شەرەپلىك، پارلاق ئېگىز چوققىغا ئېرىشەلەيسەن.

«گۈلىستان» دىن

ئەقىللىق كىشى جېدەل بولغان يەردىن قاچىدۇ، ئەمما قەيەردە تىنچلىق بولسا، شۇ يەرگە لەنگەر① تاشلايدۇ، چۈنكى، ئاۋۋالقى جاي تىنچلىق ـ ئامانلىقتىن يىراقتا، كېيىنكى جايدا ھوزۇر ـ ھالاۋەت ياندىلا.

«گۈلىستان» دىن

ئىككى كىشى ھەسرەت بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ: بىرى، بار تۇرۇپ يەپ ـ ئىچمىگەن؛ يەنە بىرى، بىلىمگە ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق

① لەنگەر — كېمىنى توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان يوغان زەنجىرلىك ئەسۋاب.

ھېچ ئىش قىلمىغان.

«گۈلىستان» دىن

ئەقىللىقلار ھامان سەۋرلىك بولىدۇ، ئەھمىنى نادانلىققا قۇر-
بان قىلمايدۇ.

«بوستان» دىن

ئەقىللىقلار چىن ئىنسان بولالايدۇ، قانخورلارنى ئىنسان دې-
يىش نە كېرەك؟

«بوستان» دىن

ئەقلىڭ بار بولسا مەنزىلەرگە ئېرىش، سۇرەت كېتىپ مۇكەم-
مەل مەنە قالار.

«بوستان» دىن

ئەقلىڭ بولسا پىكىردە ئوچۇق بول.

«بوستان» دىن

بېشىمدا ئەقىل ـ ئىدراك بولسا بولدى، سەللە بىلەن كاتتى-
لىق نېمە ھاجەت؟ ئىنسان قەدرى سەللە ئارقىلىق ئەمەس، ساقال
بىلەن سەللىدىن مەغرۇر بولما، ساقال كوكات، سەللە دېگەن ئاق
پاختا.

«بوستان» دىن

ئىنسان ئىلىم بىلەن پەزىلەت تاپسۇن.

«بوستان» دىن

كىمىكى ئىلىم ـ بىلىم بەھرىنى خىلۋەتتە قوبۇل قىلسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆپ بەختىيار بولۇر.

«بوستان» دىن

ئەقىل سېنى هايۋاندىن ئاجرىتىپ تۇرسۇن.

«ساھبىيا» دىن

ئەگەر ئەقىللىق ناداندىن جاپا كۆرسە، قەھرى داۋالغۇماس.

«ساھبىيا» دىن

ئادەم ئەقىلسىز، ھۈنەرسىز بولسا، ھېچ پايدا بەرمەس.

«ساھبىيا» دىن

## 6. دوست ـ دۈشمەنلىك ھەققىدە

بىۋاپا دوست بىلەن ئاشنا بولمىغىن، بۇ خائىن، ئەسلا دوستلۇققا يارىمايدۇ.

«گۈلىستان» دىن

دوستلارنى رەنجىتىش ــ نادانلىق.

«گۈلىستان» دىن

دۈشمەن كىچىك دەپ قارالسا بولمايدۇ.

«گۈلىستان» دىن

دوست ساڭا ئىناق بولسا، ساڭا نېمە چارە؟

«گۈلىستان» دىن

دوستلار زىنداندا ئەسقاتىدۇ، داستىخان ئۈستىدە ھەممە ئادەم دوست كۆرۈنىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

كىمىكى نېمەت ئۈستىدە يار ـ بۇرادەرلىكتىن قانچە لاپ ئۇرسا، ئۇنى دوست دېمە. ھەقىقىي دوست شۇكى، پەرىشان، ئېغىر كۈنلەردە دوستلۇقنى ساقلاپ قول تۇتۇپ قالىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

دۈشمەن بىلەن تىنچ ئۆتۈشنى خالىساڭ، ھەر چاغ سېنى يوق

چېغىڭدا سۆكسە مەيلى، سەن ئۇنى راسا ماختا. سۆز دېگەن ئېغىز-
دىن چىققاي، شۇڭا سەن ئازارچىدىن يامان تىل ئاڭلىماي دېسەڭ،
ئۇنىڭ ئاغزىنى راسا ياغلا.

«گۈلستان» دىن

دوستۇڭغا ئۇنچىلىك كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرمە، ئەگەر ئۇ دۇشمەنگە ئايلانسا سېنى يېڭەلەيدۇ.

«گۈلستان» دىن

كىم بىراۋنىڭ ئەيىبىنى ئالدىڭدا بىر ـ بىرلەپ سانىسا، باشقىلار ئالدىدا شەكسىز، سېنى تىنماي غاجايدۇ.

«گۈلستان» دىن

دوستۇڭنىڭ ئۆيىنى سۈپۈرۈپ قوي، دۈشمىنىڭنىڭ ئىشىكىنى قاقما!

«گۈلستان» دىن

گەر بېشىڭغا قاتتىقچىلىق چۈشسە تەن بەرمىگىن. دۈشمەنىڭنىڭ پوستىنى شىلىپ، دوستلىرىڭدىن جۇۋا ئال.

«گۈلستان» دىن

يات بىلەن بوستان ـ چىمەندە بولغاندىن، دوستلار بىلەن كىشەندە بولسام ياخشى.

«گۈلستان» دىن

مەن دۇنيادا مۇنۇ ئىككى خىل تەبىقىدىكى كىشىلەرنى دوست تۇتىمەن، بىرى، ئالىملار؛ يەنە بىرى، زاھىتلار!

«گۈلستان» دىن

ئىپلاس نەرسىلەر ئىپلاسلار ئۈچۈندۇر.

«گۈلىستان» دىن

جان ئالغۇچى دۈشمەن يېتىشكەن هامان يۈگۈرۈك ئات پۈتىنى ئەجەل شۇئان باغلار.

«گۈلىستان» دىن

بىراۋنىڭ كۆڭلىنى بىر قېتىم رەنجىتىپ قويۇپ، ئارقىدىن يۈز راھەت يەتكۈزگەن بولساڭمۇ، ئاشۇ بىر رەنجىتكىنىڭ ئۈچۈن ئىنتىقامغا ئۇچراشتىن ساقلان. چۈنكى، ئوقيانىڭ ئوقى جاراھەت-تىن چىقىپ كېتىدۇ، لېكىن ئەلەم يۈرەكتە قالىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

كۆپ چاغلاردا سۆزدە ياخشى - يامان ھەممىسى ئېيتىلىدۇ، ئەمما دۈشمەننىڭ كۆزى ياماندىن باشقىنى كۆرمەيدۇ.

«گۈلىستان» دىن

دۈشمەن يۈزىنى كۆرۈشتىن، نەيزىگە كۆزىنى يىدا قىلماقلىق ئەلا.

«گۈلىستان» دىن

پادىشاھلارنىڭ دوستلۇقىغا ۋە گۆدەكلەرنىڭ خۇش ئاۋازىغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئاۋۋالقىسى بىر گۇمان بىلەن ئاينىپ قالىدۇ، كېيىنكىسى بىر كېچىدىلا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

ھەرقانداق ئىچ سىرىڭنى دوستۇڭغا تۆكمە. چۈنكى، بىر چاغ كېلىپ ئۇنىڭ دۈشمەنگە ئايلىنىپ كېتىشىنى نەدىن بىلە-سەن؟ شۇنىڭدەك قولۇڭدىن كەلسە ھەرقانداق ئاچچىق - غەزەپنى

دۈشمىنىڭگە قىلما. چۈنكى، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ دوست بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. يوشۇرۇن ساقلىماقچى بولغان سىرىڭنى ھېچكىمگە ئاچما، گەرچە بەك سەممىي دوستۇڭ بولسىمۇ؛ چۈنكى بۇ دوستۇڭنىڭمۇ سەممىي دوستى بولۇشى مۇمكىن.

«گۈلىستان» دىن

ئىتائەت قىلىش ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن ۋە دوستلۇق ئىزھار قىلغان ئاجىز دۈشمەن پەقەت كۈچلۈك دۈشمەنگە ئايلىنىشنىلا مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى، «دوستلارنىڭ دوستلۇقىغا ئىشەنچ يوق». دېيىلىۋاتقان يەردە، دۈشمەننىڭ خۇشامەتگۈيلۈقىغا قانداق ئىشەنگىلى بولسۇن؟

«گۈلىستان» دىن

كىمكى كىچىك دۈشمەننى بەك تۆۋەن چاغلىسا، كىچىككىنە ئوتنى پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۆچۈرمەي قويغانغا ئوخشاش بىر ئىش بولىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

ئىككى دۈشمەننىڭ ئارىسىدا سۆزنى شۇنداق قىلغىنكى، ئەگەر ئۇلار دوست بولۇپ قالسا، خىجىللىقتا قالمايدىغان بول.

«گۈلىستان» دىن

دوست بىلەن سۆزلەشسەڭ ئاستا سۆزلىگىن، قان ئىچەر دۈشمىنىڭ ئاڭلاپ قالمىسۇن.

«گۈلىستان» دىن

كىمكى دۈشمەنلەر بىلەن سۈلھى تۈزسە، (بۇ ئۇنىڭ) دوستلىرىنى رەنجىتىدىغان يولنى تۇتقىنى.

«گۈلىستان» دىن

ئاجىز دۈشمەنگە رەھىم قىلما، چۈنكى ئەگەر قۇدرەت تاپسا، سېنى ئاياپ قويمايدۇ.

«گۈلىستان» دىن

كىمىكى جىنايەتكار ياۋۇزنى ئۆلتۈرسە، خەلقنى ئۇنىڭ ياۋۇزلۇقىدىن، ئۇنىڭ ئۆزىنى بولسا گور ئازابىدىن قۇتقۇزغان بولىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

دۈشمەنىنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلىش خاتا، لېكىن ئاڭلاپ قويۇش راۋا. چۈنكى، ئۇنىڭ تەتۈرىچە ئىش قىلساڭ توغرا بولۇپ چىقىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

دۈشمەن قوشۇنىدا بۆلۈنۈش يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرگەندە، كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم تۇت، ئەگەر بىرلىشىۋالغانلىقىنى كۆرسەڭ، (ئۆز قوشۇنۇڭدا) پاراكەندىچىلىك يۈز بېرىشتىن ئەنسىرە.

«گۈلىستان» دىن

دۈشمەن بارلىق ھىيلىلەرنى ئىشلىتىپ دەرمانى قالمىغاندا دوستلۇق زەنجىرىنى جىرىڭشىتىدۇ. بۇنداق چاغدا «دوستلۇق» بويىچە ھېچقانداق دۈشمەن قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

يىلاننىڭ بېشىنى دۈشمەن قولى بىلەن يانچىپ تاشلا، ھېچ بولمىغاندا ئىككى ياخشى ئىشنىڭ بىرىگە ئېرىشمەي قالمايسەن: ئەگەر دۈشمەن غالىب كەلسە، يىلاننى ئۆلتۈرگەن بولىسەن؛ ئەگەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يىلان ئۇستىدىن چىقسا، دۈشمەندىن قۇتۇلىسەن.
«گۈلىستان» دىن

دۈشمەننىڭ ئالدىمىغا چۈشمە ۋە مەدداھنىڭ ماختىشىنى بىر تىيىنغا ئالما، چۈنكى ئاۋۋالقىسى ھىيلىگەرلىك تورىنى قۇرىدۇ، كېيىنكىسى تەمەخورلۇق ئېغىزىنى ئاچىدۇ.
«گۈلىستان» دىن

ئەخمەق ئادەمگە ماختاش ياقىدۇ، نىمتە قىلىنغان گۆشنىڭ توپۇقىدىن پۇۋلەپ يەل بەرسەك سېمىز كۆرۈنىدۇ.
«گۈلىستان» دىن

دىلنى رەنجىتىدىغان خەۋەرنى ئۇقساڭ، سۈكۈت قىل، باشقىلار يەتكۈزسۇن.
«گۈلىستان» دىن

كىمىكى ئالدىدىكى دۈشمەننى ئۆلتۈرمىسە، ئۆزىگە ئۆزى دۈشمەن.
«گۈلىستان» دىن

ئۆمۈر بويى ئاران قولغا كەلگەن دوستتىن بىردەمدىلا رەنجىش يارىمايدۇ.
«گۈلىستان» دىن

تۆگىنىڭ قانچىلىك ياۋاش ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم، ئەگەر كىچىك بالا تىزگىنىدىن يېتىلىسە، يۈز چاقىرىم يەرگە كېتىۋې-رىدۇ، ھەرگىز بالىنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدۇ. ئەمما ھالاكەتكە سەۋەبچى بولۇش ئېھتىمالى بولغان خەتەرلىك بىر ساي ئۇچراپ، بالا نادانلىق قىلىپ ئۇ يەرگە مېڭىۋەرمەكچى بولسا، ئۇ چاغدا تۆگە

بالىنىڭ قولىدىن تىزگىنىنى ئۇزۇپ، ئىككىنچى بويسۇنماي قو-يىدۇ. چۈنكى، قاتتىق قول بولۇش پەيتىدە يۇمشاقلىق قىلىش ئو-رۇنسىزدۇر. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر ئېيتقانكى، دۇشمەننى يۇمشاق مۇئامىلە بىلەن دوستقا ئايلاندۇرالمايسەن، بەلكى ئۇنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويىسەن.

«گۈلىستان» دىن

دۇشمەننىڭ كىچىككىنە نۇقسان تاپسا، چېقىپ شاھنىڭ غە-زىپىنى قوزغايدۇ.

«بوستان» دىن

دۇشمەنىڭنىڭ ماقۇل سۆزى يالغاندۇر.

«بوستان» دىن

راست سۆزلىسەڭ ھۆرمىتىڭ ئاشار.

«بوستان» دىن

لەشكىرىڭ كۆپ، ئۆزۈڭ باتۇر بولساڭمۇ، دۈشمەنىڭگە ھۇجۇم قىلىپ قان تۆكمە، ئاجىز دۇشمەن قورغانغا بېكىنىدۇ.

«بوستان» دىن

ئەگەر دوستۇڭ زىنداندا ياتقان بولسا، سەن سەيلىنى ئىختىيار قىلالامسەن؟

«بوستان» دىن

دوست ـ يارەنلەر مەنزىلگە يېتىپ بارار، ئەمما مەدەت بەرگۈ-چىلەر يېتەلمەس.

«بوستان» دىن

خاتالىقىڭنى دۈشمىنىڭدىن ئاڭلىغىن، ھەممە ئىشتا دوستلارنى رازى قىلار.

«بوستان» دىن

ئالدامچىلار ماختىسىلا دوست ئەمەس.

«بوستان» دىن

نەسىھەتچى سۆزۈن چىراي كىشىلەر شېرىن سۆزلۈك دوستلىرىڭدىن ياخشىراق، ئەگەر نەسىھەت ئاڭلىماققا ئىشتىراك قىلساڭ، توغرا يولنى تېپىپ بېرەر.

«بوستان» دىن

يوللىرىڭدا ئورا قېزىپ قويۇلسا، پەقەت دوستۇڭ سېنى خەۋەردار قىلار.

«بوستان» دىن

ئىشلىك ئەقىل ـ تەدبىر بىلەن ھەل بولسا، جەڭدە سەن دۈشمەن بىلەن ياراش قىلغىن.

«بوستان» دىن

دوستۇڭدىن دۈشمەنلىرىڭ كۆپ بولسا، دوست ئېچىنىپ، دۈشمەنلەر شاد بولىدۇ.

«بوستان» دىن

ئاداۋەتكە مېھرىبانلىق يار بولماس.

«بوستان» دىن

ئەگەر دۈشمەن ساڭا جاھىللىق قىلسا، ئەقىل ۋە چارە تېپىپ بېشىنى ئال، ياۋ ئىچىگە نىزا چۈشسە، قىلىچىڭنى غىلاپقا سېلىپ

ئارام ئال.

«بوستان» دىن

دۈشمىنىڭنىڭ دۈشمىنى دوستۇڭ بولسۇن، شۇندىلا ياۋ ئازابقا توشۇپ قالار.

«بوستان» دىن

بۆرىلەر بىر ـ بىرىنى تالاپ قالسا، مۈشۈ پۇرسەتتە قويلار ئارام ئالار، ئىككى ياۋنىڭ ئۆزئارا تالاش قىلسا، دوستلار بىلەن ئىناق ـ ھۆرمەتتە ياشار.

«بوستان» دىن

دىل ئوۋلاشنى بىلسەڭ، كۆپ مەردلەر ئۆزى كېلىپ ئايىغىڭغا باش قويار.

«بوستان» دىن

دۈشمىنىڭنىڭ تۇغقىنى دوستلۇق قىلسا، ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلە، ئېھتىيات قىل.

«بوستان» دىن

ئەگەرده ھەركىم ئۆز دوستىنى دۈشمەن بىلسە، ياۋدىن يېڭى-لىدۇ.

«بوستان» دىن

ياۋلىرىڭ كامال تاپسا، ئۆزۈڭ ھېچقاچان روناق تاپالمايسەن.

«بوستان» دىن

ھەركىمنى دوست تۇتماقلىق ئاساندۇر، لېكىن جانۇدىلىنى پەيۋەند ئەتسەڭ ئاجرىماق مۈشكۈلدۇر.

«غەزەللەر» دىن

ۋەتەندە دوستسىز ياشىماق، مىسلى موردا كېپەندە ياتقان بىلەن باراۋەر.

«غەزەللەر» دىن

دوستلىرىمنىڭ سۆھبىتى خۇددى ئالەم جەننىتى، يا جەھەننەمنىڭ ئوتى نامۇناسىپ سۆھبىتى.

«غەزەللەر» دىن

گەر ئەزىزلەر بىلەن بىر نەفەس سۆھبەتتە ئۆتسە، شۇل نەفەسنى ھايات بىل.

«غەزەللەر» دىن

كىمكى يۈزۈڭگە ئەيىبىڭنى سالسا، ئاشۇ ئادەم سېنىڭ قىممەتلىك دوستۇڭ.

«بوستان» دىن

سەن ئەگەر ياۋىڭنى سەمرىتسەڭ، پۇرسەت تېپىپ قارنىڭنى يېرىپ كېتەر.

«بوستان» دىن

ئاقىل بولساڭ دوستلىرىڭدىن ۋاز كەچمە، شۇندا دۈشمەندىن ئۆچ ئالالماس.

«بوستان» دىن

ھەركىمكى دوست كۆڭلىنى رەنجىتسە، دۈشمەنلىرى پوستىنى شىلىپ كېتەر.

«بوستان» دىن

دىلداش بولۇپ دوستىنى مەھكەم تۇتسا، دۈشمەننىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتىدۇ.

«بوستان» دىن

دوستلار ئەھدۇپەيمان ئەتسە، ھېچ غېمىم قورقۇنچ ئەمەس. دوستلۇقنىڭ شەرتى شۇدۇر. دوست پەيماننى بۇزمايدۇ.

«ساھىبىيا» دىن

دوستنىڭ ياخشىلىقىدىن يامىنى كۆپ بولسا، ئۇنداق دوستنى قوي.

«رۇبائىيلار» دىن

دوستلۇق ئەھدىنى شىكەستە ئەيلىگەن يار: «گەر چۈش كۆرسەڭ چۈشۈڭدە مەن بىلەن سەن بار» دېدى.

«بوستان» دىن

كىم دوستلار دىلىنى رەنجىتسە، ئىتتىپاقلىق يولىغا تىكەن قويغان بىلەن باراۋەر.

«مۇفرەدات» تىن

www.uyghurkitap.com

## 7. ئىشق ـ مۇھەببەت، ئاياللار ھەققىدە

ياخشى ئەر ئۆيىدە بىر يامان خوتۇن بولسا، ئەر ئۈچۈن دوزاخ بۇ دۇنيادۇر. ھەزەر قىل، يامان خوتۇن باشقا بالا.

«گۈلىستان» دىن

گۈزەللەرنىڭ جىڭگىلەك چاچلىرى ئەقىلنىڭ ئايىغىغا زەنجىردۇر ۋە ھوشيارلىق قۇشى ئۈچۈن تۇزاقتۇر!

«گۈلىستان» دىن

خۇشرۇي، چىرايلىق ئايالغا ئۇپا ـ ئەڭلىك، پەرداز، پىرۇزە ئۈزۈكنىڭ نېمە ھاجىتى؟

«گۈلىستان» دىن

يولدا ئالدىرىغان ساڭا ھەمراھ بولالمىغاندەك، ساڭا دىلىنى بەرمىگەن ئاشنا بولالمايدۇ.

«گۈلىستان» دىن

نېمىگە كۆڭلى چۈشسە، كۆزىگە شۇ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

كىمكى يامان نەزەردە قارىسا، يۈسۈپنىڭ① رەڭگىمۇ سەت كۆرۈنىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

---

① يۈسۈپ — يۈسۈپ پەيغەمبەر.

دىۋىنگە ياخشى كۆز بىلەن قارىسا، كۆزنگە پەرىشتە سۈپەت كۆرۈنگەي.

«گۈلستان» دىن

ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن غوجا، قۇل مۇناسىۋىتى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ!

«گۈلستان» دىن

قەيەرگە ئىشقنىڭ سۇلتانى كېلەركەن، كۈچ ـ قۇۋۋەتتە تەقۋاغا ئورۇن قالمىغاي.

«گۈلستان» دىن

ئەگەر يار ئۆز دوستلىرى بىلەن كەلسە جاپا قىلىش ئۈچۈن كەلگەندۇر. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇنداق ئۇچرىشىش رەشك ۋە ھەسەتتىن خالىي بولمايدۇ.

«گۈلستان» دىن

كۆزنى يار جامالىنى كۆرۈشتىن تارتىۋېلىشتىن كۆرە، كۆڭۈلنى جاپاغا سېلىش ئوڭايراق چۈشىدۇ.

«گۈلستان» دىن

كىمگە يارسىز كۈن ئۆتكۈزۈش مۇشكۇل ئىكەن، گەر جاپا قىلسا چىداش كېرەك.

«گۈلستان» دىن

گۈزەللەرنىڭ يۈزى خەت تارتسا، ئاشىق دىلى شۇنچە مەپتۇن بولىدۇ. بوستاننىڭ سامساق ـ پىيازلىق بولغاندا، ئۇنى ئۆزگەنسېرى كۆپرەك كۆكلەيدۇ.

«گۈلستان» دىن

ياشلار گۈزەل، يېقىملىق چاغلىرىدا رەھىمسىزلىك، قوپاللىق قىلىدۇ. ئەمما، چىرايى كېتىپ سەتلىشىشكە باشلىغاندا مۇلايىملىشىپ دوستلۇق كۆرسىتىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

بىر ئالىمدىن (كىشىلەر) سوراپتۇ: «ئەگەر كىشى بىر ئاي يۈزلۈك بىلەن خالىي جايدا ئولتۇرسا، ئىشىك تاقاقلىق بولسا، رەقىبلىرى ئۇخلىغان بولسا، تۇيغۇسى قوزغىلىپ، نەپسى تاقىلداپ كەتسە، قىسقىسى، ئەرەبلەر ئېيتقاندەك، خورما پىشسا، باغۋەننىڭ كارى بولمىسا، ئۇ ئادەم ئۆزىنى تارتىپ، ساقلىنىپ قالالارمۇ؟»

ئالىم ئېيتىپتۇ: «ئاي يۈزلۈكتىن ساقلىنىپ قالغان تەقدىردىمۇ، غەيۋەتچىلەرنىڭ يامان تىللىرىدىن ساقلىنالمايدۇ!»

ئادەم ئۆز نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىشتىن ساقلانسىمۇ، رەقىبلىرىنىڭ يامان غەرەزلىرىدىن ساقلىنالمايدۇ.

«گۈلىستان» دىن

لەيلىنىڭ جامالىغا مەجنۇننىڭ كۆزى بىلەن قاراش كېرەك، شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ دىدارىنى تاماشا قىلىشنىڭ سىرى ساڭا مەلۇم بولىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

ياش چوكاننىڭ يېنىدا قېرى ئادەم ئولتۇرغاندىن، بىقىنىغا ئوقيا ئوقى سانجىلىپ تۇرغان ياخشى.

«گۈلىستان» دىن

خۇنۇكنىڭ تۇتقان گۈلىدىن خۇشرۇينىڭ ئاغزىدىن پىياز پۇرىغان ياخشىدۇر.

«گۈلىستان» دىن

ھامىلىدار ئاياللار بىئەدەپ، پەيلى يامانلىنى تۇغقاندىن، چار يىـ
لاننى تۇغسا مىڭ مەرتە ياخشى.

«گۈلىستان» دىن

ئەگەر كۆڭلۈڭگە ئىشق چۈشۈپ قالسا، شۇنىڭدىن باشلاپ سەۋرۇئارامىڭ تۈگەر. يارنىڭ ھۆسنى كۆزلىرىڭگە كۆرۈنۈپ، ئۇخـ لىماقتا ئامالىڭ بولماي قالار. پۇتلىرىغا باش قويۇپ يالۋۇرسەن، جاھانمۇ كۆزلىرىڭگە كۆرۈنمەيدۇ. ئالتۇن تۆكسەڭ ئۇ نەزەر سالماي قالسا، ئۇ سامانمۇ ـ ئالتۇنمۇ بىلەلمەيسەن؟ ئۇ بار جايدا دىلغا باشقا يار سىغماس، ئۆزگە بىلەن ھەمنەپەس بولالمايسەن. سەۋر ـ تاقىتىڭ ئۆزلۈكۈڭدە بولماس. رەسۋالىقتىن غەم يېمەس بولۇپ قالىسەن. جان سورىسا جېنىڭنى ئايىمايسەن، قىلىچ ئۇرسا بېشىڭنى تۇتۇپ بېرىسەن.

«بوستان» دىن

ئەگەر يارى جان بىلەن ئويناشسىمۇ، مەرد يىگىت ئۆز ئىشـ قىدىن ۋاز كەچمەيدۇ.

«بوستان» دىن

ئېرىڭ قانچە نامرات بولسىمۇ، ئاخىرى مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى باش ئەگدۇرەر.

«بوستان» دىن

ئەگەر كىشى جۇنۇن ھالىغا چۈشسە، ھوش ـ كاللىسى جايىغا يېنىپ كەلمەس.

«بوستان» دىن

ئىشىق ئالدىدا ئەقىل نېمە قىلسۇن، ئىشق — توپچى، ئەقىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى ۋېبسىتى
www.uyghurkitap.com

بولسا يۇگۇرۇك توپ.

«بوستان» دىن

تۆگىنىڭمۇ ھەۋىسى بار، ئەگەر ئادەمنىڭ ئىشقى بولمىسا، ئېشەك دېگىن.

«بوستان» دىن

ئاشىق بولساڭ كۆلپەتلەردىن قاچمىغىن.

«بوستان» دىن

يارنىڭ جەبىر ئەتسە ھىممەت ئەت، يار جەبرى يارغا ئۆتكەي.

«غەزەللەر» دىن

ئىشق كويى بازىرىدا، بۇ تەندە جان قىممەتسىز.

«غەزەللەر» دىن

سەن كۆزۈڭنى مەندىن ئۈزمە، دىل ئىستىكى شۇل ئېرۇر. مەن سەندىن بىر ئۆمۈر كۆزۈمنى ئۈزەلمەيمەن. بۇنى بىلىپ قوي.

«غەزەللەر» دىن

گەرچە ئەتراپىڭدا مەندىن ئەلالىرى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن مەن سېنى ئالەمدە يەكتا دەپ بىلدۈرىمەن.

«غەزەللەر» دىن

بەزىلەر ماڭا نەسىھەت سۆزىنى كۆپ ئېيتتى، مەن ئۇلارغا «كىم نەسىھەتتە بولسا ئاشىق بولالماس!» دېدىم.

«غەزەللەر» دىن

گۈزەللەر ھۆسنى كۆزلەرگە قۇۋانچ.

«غەزەللەر» دىن

كىم ئىشق زەخمىدىن ئازاد بولسا، ئۆمرى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكەي.

«غەزەللەر» دىن

ئايالىڭنىڭ ئەقلى جايىدا بولسا، گاداي بولساڭ شاھ قىلىشى ئېھتىمال.

«بوستان» دىن

يارىڭ كۆڭلۈڭگە مۇۋاپىق ئۇز بولسا، زەپەر تاپتىم دەپ ئويى-لىغىن، خۇشال بول.

«بوستان» دىن

يارىڭ تونلىرى غەمگۇزارىڭ بولسا، كونى بىلەن يېگەن غەم ھېچ گەپ ئەمەس.

«بوستان» دىن

يارىڭ ساڭا ئىناق، ھەم گۇزەل بولسا، مۇرادىڭغا يەتكىنىڭ شۇ ئەمەسمۇ؟

«بوستان» دىن

كۆڭلى تۇزۇك خوتۇنلار سەت بولسىمۇ، خۇلقى ئەسكى چى-رايلىقتىن كۆپ ئەۋزەل.

«بوستان» دىن

ياخشى ئايال سىركىنى ھالۋا دەيدۇ، ھالۋا يەيمۇ ئېرىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكسى ئادرېسى

ئاچچىقلىماس.

«بوستان» دىن

ئايالىڭ ياخشى بولسا دىل ئارامى، ھەرگىز يامان خوتۇن ئىلـ-
كىگە چۈشۈپ قالما.

«بوستان» دىن

ئايالىڭ يامان بولسا تاشلاپ كەتكىن ياكى ئاڭا بېشىڭنى مۇ-
لايىم ئەگ.

«بوستان» دىن

كەش تار بولسا كىيمىگىنىڭ ياخشىراق، جېدەل تولا بولسا
ئۆيۈڭدە تۇرما.

«بوستان» دىن

خوتۇنۇڭ يامان بولسا، سەپەرگە چىقساڭ سېنىڭدە ھېيت
كەيپى پەيدا بولار.

«بوستان» دىن

يامان خوتۇن جېدەل ۋە چۇقان قىلسا، شاد ـ خۇراملىق ئە-
شىكى تاقىلىدۇ.

«بوستان» دىن

(خوتۇن) ئەگەر يامان نىيەت ۋە نادان بولسا، خوتۇن ئەمەس،
بەلكى بېشىڭغا بالا بولار.

«بوستان» دىن

يامان خوتۇن ئەر ئۈچۈن ئازاب بولار، تۈز نىيەتلىك ياخشى
خوتۇن يار بولار.

«بوستان» دىن

گۈلگە كۆڭۈل باغلىما بىكار كېتەر، باشقا بۇلبۇل ئۇندىن خۇش پۇراق ئالۇر.

«بوستان» دىن

مۇبادا كوچا ـ كويغا كۆز تاشلىساڭ، ئۆز ئۆيۈڭدە بەرباتلىق يۈز بېرىدۇ.

«بوستان» دىن

گۈلدەك ئېچىلىپ يۈرمە، غۇنچە بولغىن، خوتۇن مېھرى ئا-ۋاتلىق كەلتۈرىدۇ.

«بوستان» دىن

گۈزەل ھەر بەزمىنىڭ چىرىغى بولسا، ئۇنىڭ پەرۋانىسى بول-ما، يىراق قاچ.

«بوستان» دىن

بارچە دىلدا ۋەسلى گۈل ئارزۇسىدىن ئېھتىراس بار.

«بەھار ۋەسخى» دىن

ئاشىقى ـ شەيدا ئارا، ئارامى تىنچلىق قالمىدى.

«بەھار ۋەسخى» دىن

ئاشىق دىلنىڭ خۇنۇخىراجى بوينۇڭدىدۇر.

«تەرجىئبەند» تىن

ھەي نىگار ئەھدىڭ قېنى، ئەھدى ـ قەسىمىڭ بۇزۇلدى، ئەمدى كىم ساڭا كۆڭۈل پەيۋەند ئېتەر.

«تەرجىئبەند» تىن

www.uyghurkitap.com



ئىشق كەلدىيۇ، شۇئان ئەقىل يوقالدى.

«تەرجىئىبەند» تىن

سەن ئەھدى ـ ۋاپانى بەربات ئەتسەڭ، مەن ھامان بۇ يولدا مەھكۇم تۇرىمەن.

«تەرجىئىبەند» تىن

سەن قۇچاقتا بولغان كىچە كۈندۈزدۇر. سىنىڭ بىلەن ئۆتكەن كۈنۈم نەۋرۇزدۇر.

«رۇبائىيلار» دىن

ئىككى ئاشىق قوشۇلسا، كۈن روشەن ئۆتەر.

«مۇفرەدات» تىن

## 8. تەلىم ـ تەربىيە ھەققىدە

ياخشىلارنىڭ نۇرى زاتى پەسكە ھېچقاچان يۇقماس، تەربىيە ئەھلىگە گۇمبەزدىكى ياڭاقسىمان.

«گۇلىستان» دىن

ئوتنى ئۆچۈرۈپ، چوغىنى قالدۇرۇپ قويۇش، يىلاننى ئۆلتۈ- رۈپ، تۇخۇمىنى ساقلاپ قېلىش — ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس.

«گۇلىستان» دىن

بۇلۇت ئاسماندىن ئابىھايات تۆكسىمۇ، تال ـ سۆگەتتىن مېۋە يېيەلمەيسەن. پەسكەشكە ۋاقتىڭنى زايە قىلمىغىن، بورا قومۇشى- دىن شېكەر ئالالمايسەن.

«گۇلىستان» دىن

ياخشىلارنىڭ ئارىسىدا تەربىيە كۆرسە، ئاقىللارنىڭ خۇلقىنى ئۆزلەشتۈرىدۇ.

«گۇلىستان» دىن

بالىغا مېھىر قويۇش — ئاتا ـ ئانىنىڭ قەرزى.

«گۇلىستان» دىن

كىشى ئەسكى تۆمۈردىن ئۆتكۈر قىلىچ ياسىيالامدۇ؟ ھەي ھېكىم، رەزىل ئادەم تەربىيىدە ئىنسان بولماس. گەرچە يامغۇر ياخشىلىقتا ھەممىگە ئوخشاش بولسىمۇ، بىراق ھەرقاچان شور-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لۇقتا يانتاق، باغدا لالە ئۆسىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

بىراۋنى لۇتىف مەرھەمەت بىلەن ئۈمىدۋار قىلىپ قويۇپ، ئارقىدىنلا نائۈمىد قىلىش كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويغانلىق بولىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

تەمەخورغا ئىشىكنى ئېچىشقا بولماس، ئېچىلغاندا قاتتىق يېپىشقا بولماس.

«گۈلىستان» دىن

پەسكەش، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان، رەزىل ۋە تۈزكور ئادەم شۇكى، ئەھۋالدا ئازغىنە ئۆزگىرىش بولغاندا، بۇرۇنقى خوجايىنىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇزۇن يىللىق نېمەتلىرىنىڭ ھەققىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

تولىمۇ خۇش چاقچاق بولۇش — ئوردا كىشىلىرى ئۈچۈن ھۈنەر – پەزىلەت بولسىمۇ، دانىشمەنلەر ئۈچۈن بىر ئەيىب.

«گۈلىستان» دىن

تۆمۈرنى قاتمۇقات دات باسقان بولسا، پەرداز بىلەن ھەرگىز كەتكۈزۈپ بولماس. ئىچى قارىغا ۋەزنىڭ پايدىسى نېمە؟ تۆمۈر مىخنى تاشقا كىرگۈزۈپ بولمايدۇ.

«گۈلىستان» دىن

ئىنساننىڭ ئەسلي تەبىئىتى قوبۇلچان بولسا، تەربىيە تېز يۇقار.

«گۈلىستان» دىن

ھەركىم گۆدەك چېغىدا تەربىيە كۆرمىسە، چوڭ بولغاندا ئۇ-نىڭدىن ئامەت قاچىدۇ، كۆك چىۋىقنى ئەگمەك تولىمۇ ئوڭاي، بىراق قۇرۇسا رۇسلانمايدۇ. ئۇ پەقەت ئوتقا لايىق.

«گۈلىستان» دىن

مۇئەللىم ياكى ئۇستاز بەك بوش بولسا، گۆدەكلەر بازاردا خىرسەك① ئوينىشىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

ئۇستازنىڭ جەبرى ئاتا مېھرىدىن خوپ!

«گۈلىستان» دىن

تەربىيە بىر خىل بولىدۇ، ئەمما مىجەز - تەبىئەت ھەر خىل!

«گۈلىستان» دىن

كىمىكى نەسىھەت ئاڭلىمىسا، ئۇنىڭ نېسىۋىسى تاپا - تەنە ئاڭلاش بولىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

گۆھەر پاتقاقتا چۈشۈپ كەتسىمۇ، يەنىلا قىممەتلىك، چاڭ - توزان ئاسمانغا ئۆرلىسىمۇ ھامان يارامسىز. قابىلىيەت بولغان بىلەن تەربىيە بولمىسا بىكار، ئۇنۇمسىز تەربىيىنىڭمۇ پايدىسى يوق. كۈل ئالىي نەسەبتىن كېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى، ئوتنىڭ ئەسلى زاتى ئۇستۈن، لېكىن ئۆزىدە بىرەر ئارتۇقچىلىق بولمىغانلىقتىن توپا بىلەن باراۋەر. شېكەرنىڭ قىممىتى قومۇشتىن ئەمەس، بەلكى

① خىرسەك — بىر تۈرلۈك باللار ئويۇنى. بىر دۈگىلەك سىزىق سىزىلىپ، بىر بالا سىزىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ. باشقا باللار ئۇنى قورشايدۇ. ئوتتۇرىدىكى بالا پۇتىنى ئەتراپىدىكىلەرگە سىلكىيدۇ، ئۇنىڭ ئايىغى قايسىسىغا تەگسە، ئۇنى تۇتۇپ سىزىقنىڭ ئىچىگە ئۆز ئورنىغا ئەكىرىپ قويىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۆزىدىكى خۇسۇسىيەتتىن.

«گۈلىستان» دىن

نەسىھەت چۆشەنگەنگە نەپ بېرىدۇ.

«بوستان» دىن

دىلىڭنىڭ رەنجىشىنى خالىمىساڭ، باشقا دىلى سۇنۇقلاردىن خەۋەر ئال. ئەگەر زەر بولسا ئەل بېشىغا چاچقىن، ئەتە ئاچقۇچۇڭ ئۆز قولۇڭدا بولماس.

«بوستان» دىن

توق بولساڭ موھتاجلارنىڭ غېمىنى يە، ئۆزۈڭگىمۇ موھتاجلىق كېلىپ قالار. ئاچ ـ زېرىنىنىڭ كۆڭلىنى شاد ئەيلىگىن، ئۆزۈڭگىمۇ بۇ ئاچلىق دۇچ كېلىدۇ.

«بوستان» دىن

مەرد ئادەملەر نەپسىدىن ۋاز كېچىپ ھالاللىقتىن، ئىززەتتىن زەپەر تاپىدۇ.

«بوستان» دىن

باشقىلارنى ئۆرۈپ مېيىپ قىلغۇچە، ئۆزۈڭنى ئۆر ۋە گۆدەكتەك تۆزەتكىن.

«بوستان»دىن

ئۆزۈڭنىڭ تىزگىنىڭنى تۇتالمىساڭ ياۋ غەم يېمەس، تەسىرىڭ ئارتۇق بولماس.

«بوستان» دىن

تەكەببۇرلۇق، ئوغرىلىقتۇر يامانلىق.

«بوستان» دىن

ھېرىس ـ شەھۋەت سېنى پايلاپ يۈرىدۇ، تومۇرۇڭدا قان، تې-
نىڭدە جان بولۇپ.

«بوستان» دىن

ئەقىل مۇشتۇك ۋۇجۇدۇڭدىكى كىبىرلىكنى مۇشتلاپ تۇرسا،
غىلىڭ قىلالماس.

«بوستان» دىن

ئۆلگەندە ياخشى نامىم قالسۇن دېسەڭ، ئوغلۇڭغا ھۈنەر ئۆ-
گەت. ئوغلۇڭدا بىلىم بولسۇن. ئەگەر ئۇنىڭ ئەقلى ـ دىتى بولمى-
سا، بېسىپ ئۆتكەن يولۇڭدا نىشان قالماس.

«بوستان» دىن

ئاتا ـ ئانا ئەركىلىتىپ چوڭ قىلسا، كېيىن ئوغۇل يامان
جاپاغا قالار.

«بوستان» دىن

سەندە ئالتۇن ھارۇنچە بولغاندىمۇ، ئۆز ئوغلۇڭنى ھۈنەرسىز
قالدۇرمىغىن.

«بوستان» دىن

ئالتۇن ـ كۈمۈش ھەميانى بوشاپ قالار، ئەمما ھۈنەرۋەنىنىڭ
بەلۋىغى بوشىمايدۇ.

«بوستان» دىن

ھۈنەر بولسا كىشى كەمبەغەل بولماس.

«بوستان» دىن

سەن ئەلگە ئىتائەتلىك خىزمەت قىلساڭ، كۆپ ئۆتمەستىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەلمۇ ئىتائەت قىلار.

«بوستان» دىن

ئۇستازىنىڭ ئازابىنى چەكمىگەن، «بوستان» دىن خاراب بو. لۇش يولىغا كىرىپ قالار.

«بوستان» دىن

(ئوغلۇڭنى) يامان ئۇستازغا شاگىرتلىققا بەرمە، ياماں خۇلقنى قوشۇپ ئۆگىتىدۇ.

«بوستان» دىن

پەرزەنتىڭ ساياقلارغا ئۇلپەت بولسا، ئۇنىڭدىن يىراق بول، ئۇمىدىڭنى ئۈزگىن.

«بوستان» دىن

نادان، ئەبلەخ، سایاق بولغان ئوغۇللار ئاتىسىدىن بۇرۇن ئۆلسە ياخشىراق.

«بوستان» دىن

كىشى تەربىيە كۆرمەي ئۇلغايسا، يۈزگە كىرسىمۇ ئېـ. شەك بولۇپ قالۇر، ئېشەككە تەربىيە قىلسىمۇ ئادەم بولمايدۇ.

«ساهبىيا» دىن

پەقەت ياخشى كۆڭۈلدىن ياخشىلىق ئىزدە.

«ساهبىيا» دىن

نەسىھەت قوبۇل بولمىسا، ئېيتقۇچىغا نىمە تەشۋىش.

«مۇفرەدات» تىن

دۇنيادا ھەر نەرسىگە ئېتىبار قىلىنۋەرمە.

«مۇفرەدات» تىن

چىش بولمىسا يېمەككە ھەم ئىمكان بار، گەر نان بولمىسا زور مۇسىبەتتۇر.

«مۇفرەدات» تىن

قۇش ئەگەر دان بولسا ھەر جايغا بارىدۇ.

«مۇفرەدات» تىن

كەمچىلىك، ئەۋزەللىك بىر ئەمەس، لېكىن ئادەمدىن بۇ ئىككىسىنى تاپماق مۇمكىن.

«مۇفرەدات» تىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## 9. ھاياتلىق مۇساپىسى ھەققىدە

ئۇڭۇشسىزلىقتىن ھېچ قورقما، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئابىھايات بولىقى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە.

«گۈلىستان» دىن

زامان تەتۈرلۈكىدىن خاپا ئولتۇرما، سەۋر قىل، سەۋرنىڭ ئاچچىق غورىسىدىن ھالۋا پىشار.

«گۈلىستان» دىن

كىم پولات قولللۇق كىشىگە مۇشت ئاتسا، ئۆزىنىڭ ئاجىز قولىنى ئاغرىتىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

بۈگۈن بىراۋنى شاد، بەختلىك كۆرسەڭ، بىرىنى كۆڭلى جاراھەت كۆرەرسەن. نەچچە كۈن كۈتۈپ تۇرساڭ، تۇپراق بىراۋنىڭ خىيالچان بېشىنى يەيدۇ. بىر كۈن يازمىش قىسمەت كەلسە، شاھلار بىلەن قۇللارنىڭ پەرقى تۈگەيدۇ. بىركىم ئۆلۈكلەر قەبرىسىنى ئاچسا، باي ـ گادايلىقتىن ھېچقانداق ئالامەت كۆرۈنمەيدۇ.

«گۈلىستان» دىن

تۇرمۇش، دەۋران چۆل شامىلىغا ئوخشاش ئۆتىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

كىشى كۆڭلىنى ھەرگىز ئاغرىتما، ئېھتىمال، بۇ يولدا تىكەن

ياتقاي. كەمبەغەلنى هاجەتتىن چىقارغىن، بىركۈنى ئۇمۇ ساڭا ئەسقاتقاي.

«گۈلىستان» دىن

ئۆز نېنىڭنى يەپ ئولتۇرغىنىڭ، خىزمەتتە ئالتۇن كەمەر باغلىغاندىن ياخشى!

«گۈلىستان» دىن

ئەڭ قىممەتلىك ئۆمۈر يازدا قورساق، قىشتا كىيىم ـ كېچەكنىڭ غېمىدىن ئىبارەت مەقسەتتە ئۆتتى. قورساقنىڭ قۇلى سەن، بىر نانغا قانائەت قىل.

«گۈلىستان» دىن

هاك لېيىنى قولدا مۇجۇپ خېمىر قىلساڭ، شاھ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرغاندىن خوپ.

«گۈلىستان» دىن

چاڭقىغان ئۇسسىز سۇزۇك بۇلاققا يەتسە، غالجىر پىل ئالدىنى توسسا قورقار دەپ ئويلىما. ئاچ پاسىق خىلۋەتتە داستىخان ئۈستىدە روزىنى ئويلىسا، ئاقىل ئىشەنمەس.

«گۈلىستان» دىن

كىم ئۇلۇغلارنىڭ نامىنى سۆكسە، ئاقىل هەرگىزمۇ ئۇنى ئۇلۇغ دېمەس.

«گۈلىستان» دىن

ئۆتكەنلەر نامىنى هاقارەت قىلما، دۇنيادا ياخشى نامىڭ ئەبەدىي قالسۇن.

«گۈلىستان» دىن

تۇرقۇم ـ شەخسىيىتىم كىشىلەرگە خوپ كۆرۈنگەن بىلەن ئىچكى نۇقساندىن ئۇيۇلۇپ باشىم هامان ئېگىلگەن. كىشىلەرتا- ۋۇسنى گۇزەللىكتە توختىماي ماختىسىمۇ، ئۇ پۇتىنىڭ سەتلە- كىدىن هەر زامان نومۇس ئەيلەر.

«گۈلىستان» دىن

ئىچىڭنى تائامدىن بوشراق تۇت، ئۇندا مەرىپەت نۇرىنى كۆرد- سەن.

«گۈلىستان» دىن

مەيلى ئالىم، مەيلى بوۋاي، مەيلى مۇرىت، قەلبى تازا، تىلى ئۆتكۈر بۈيۈك دانا بولسۇن، پەس دۇنياغا چۈشۈپ قالسا، گويا پۇتى هەسەل ئىچرە پاتقان هەرىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

«گۈلىستان» دىن

ئاچ قورساققا قۇرۇق ناننىڭ ئۆزى قىيما.

«گۈلىستان» دىن

ۋەز ئېيتىلىدىغان جاي گەزمالچىلار دۇكىنىغا ئوخشايدۇ، نەق پۇل تۆلىمەي، بۇ يەردىن رەخت ئالالمىغىنىڭدەك، بۇ يەرگىمۇ هەقىقىي مەيلى مۇهەببىتىڭ بولمىسا، مەنىۋى لەززەتكە ئىگە بولالمايسەن.

«گۈلىستان» دىن

هەي تەقۋادار، گۇناهكاردىن يىرگەنمىگىن، ئاڭا شەپقەت بىلەن ئىللىق نەزەر سالغىن.

«گۈلىستان» دىن

كىمدە سەۋر يوق بولسا، هېكمەت يوق.

«گۈلىستان» دىن

ئۆز ھاجىتىنى سوراپ كىشىنىڭ ئالدىغا بارغاندىن كۆرە، خىلۋەت بىر جايدا ئۆلگەن ياخشى!

«گۇلىستان» دىن

چاپان تىلەپ بايلارغا ئەرزنامە يازغاندىن، سەۋر بولۇڭىدا ياماق تىكمەك ياخشىدۇر.

«گۇلىستان» دىن

غالچىدىن گەپ ئاڭلاپ جاپا تارتقاندىن، باينىڭ ئېھسانىنى ئالمىغان تۈزۈك.

«گۇلىستان» دىن

ئۆتۈپ بېرىۋاتقان زاماندىن ھەرگىز زارلانمىغانىدىم، پەلەك-نىڭ گەردىشىدىن يۈزۈمنى پۈرۈشتۈرمىگەنىدىم، پەقەت بىر چاغدا يالاڭئاياغ قالدىم. كېپىش سېتىۋېلىشقا پۇلۇم يوق ئىدى. غەمكىن بولۇپ كۇفە جامەسىگە كىردىم. ئۇ يەردە بىر ئادەمنى كۆردۈمكى، ئۇنىڭ پۇتى يوق ئىدى. ئۆز نېمىتىمگە شۈكۈر قىلدىم ــ دە، كې-پىشىم يوقلۇقىغا سەۋر قىلدىم.

«گۇلىستان» دىن

ھەر ئىش يۇمشاقلىق بىلەن پۈتمىسە، زورلۇق ئىشلىتىش تۇرغانلا گەپ.

«گۇلىستان» دىن

بېلىقچى نېسىۋىسىز بولسا ھەتتا دەجلە① دەرياسىدىمۇ بېلىق تۇتالمايدۇ، ئەجىلى يەتمىگەن بېلىق قۇرۇقلۇقتىمۇ ئۆلمەيدۇ!

ــ «گۇلىستان» دىن

① دەجلە ــ باغداتتىكى دەجلە دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ.

رىزىق ئەزەلدە تەقسىم قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى بار ئىلاج قىلىپ قولغا كەلتۈرۈش شەرت، شۇنىڭدەك بالا ـ قازانىڭ تەقدىردە پۈتۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ كىرىدىغان ئىشىكىدىن ساقلىنىش لازىم.

**«گۈلىستان» دىن**

بۇ جاھان نېمەتلىرىدىن بىنەسىپ بولغان كىشى ئۆز يۇرتىدا نامىسىز غېرىبى بىنەۋا بولغۇسى.

**«گۈلىستان» دىن**

ئەگەر ئوغۇل خوپ كېلىشكەن دىلبەر بولسا، ئاتىسىدىن ئايرىلسىمۇ غەمسىز ياشار. ئۇ بىر گۆھەر، سەدەپ ئاڭا ھاجەت ئەمەس. ئېسىل دورىغا ھەممە يەردە خېرىدار بار.

**«گۈلىستان» دىن**

مۇشەققەت چەكمىگۈچە خەزىنىگە ئىگە بولالمايسەن، جاننى خەتەرگە قويمىغۇچە دۈشمەن ئۈستىدىن زەپەر قازىنالمايسەن، ئۇرۇق چاچمىساڭ، خامان ئالالمايسەن.

**«گۈلىستان» دىن**

تاسادىپىيلىققا ئۈمىد باغلاش مۇمكىن ئەمەس. ھەزەر قىل، بۇنداق تەمە بىلەن ئىككىنچى خام ـ خىيالىڭ قۇربانى بولما.

**«گۈلىستان» دىن**

بىراۋنىڭ داستىخىنىغا ئولتۇرساڭ، ئۇنىڭغا خىزمەت قىلماق لازىمدۇر.

**«گۈلىستان» دىن**

كىمىكى تىلەمچىلىك ئىشىكىنى ئاچسا، ئۆلگۈچە ھاجەتمەن بولۇپ ئۆتىدۇ.

«گۇلىستان» دىن

ساق كىشى ھېچقاچان ئاغرىقنى بىلمەس.

«گۇلىستان» دىن

ئۆلۈمنىڭ تەسەۋۋۇرىنى كاللاڭدىن چىقىرىپ تاشلا، ۋەھىمە-نىڭ تەبىئەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىغا يول قويما. چۈنكى، يۇنان پەيلاسوپلىرى ئېيتىدۇ: مىجەزى قانچىلىك مۇستەھكەم بولمىسۇن، ئەبەدىي ھايات كەچۈرۈشكە ئۈمىد باغلىماسلىق كېرەك. ئەمما، ئەڭ قورقۇنچلۇق كېسەلمۇ ھالاك بولۇشتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

«گۇلىستان» دىن

يۈگۈرۈپ ھالىدىن كەتكەندىن كۆرە، مېڭىپ ۋە ئولتۇرۇپ ھاردۇق ئالغان ياخشى!

«گۇلىستان» دىن

ياشلىق پەيزىنى قېرىدىن ئىزدىمە، ئاققان سۇ يەتكەن يېرىدىن قايتماس، زىرائەت ئېتىزى ئورما ۋاقتىدا مايسا چېغىدەك ھەرگىز يەلپۈنمەس.

«گۇلىستان» دىن

www.uyghurkitap.com

ئەجەپ بىر ئىش! پىل سۆڭىكىدىن ياسالغان پىيادە① شاھمات تاختىسىنىڭ ئىرىقى چېتىگە چىقسا پەرزىن بولىدۇ، يەنى بۇرۇن-قىدىن ياخشى بولىدۇ. ئەمما پىيادە ماڭغان ھاجىلار چۆلنى كېسىپ باشقا چىققاندا، يامان بولۇشۇپ كېتىدىكەن!

«گۈلستان» دىن

ئادەمنى چىشلىگەن، پوستىنى يىرتقان زالىم ھاجىغا مېنىڭ نامىمدىن ئېيت: «سەن ھاجى ئەمەسسەن، تۆگە ھاجىدۇر، چۈنكى، ئۇ يانتاق يەپ ھاجەتتىن چىقار.»

«گۈلستان» دىن

كىمىكى چوڭ ئىشنى تەجرىبىسىز نادانغا تاپشۇرسا، ئۇ پۇ-شايمان قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئاقىللارنىڭ ئارىسىدا كالتە پەم، دېگەن ئاتاققا قالىدۇ.

«گۈلستان» دىن

دۇنيادىكى تۇرمۇشنىڭ لەززىتى ئارقىسىدىن ئەجەلنىڭ نەش-تىرى ئەگىشىپ يۈرىدۇ. جەننەتنىڭ مىنەتلىرى ئالدىدا كۆڭۈل-سىزلىك ھەم ئازابنىڭ توسۇق تاملىرى بار.

«گۈلستان» دىن

تۆھپىسىز ئۆلگەن بېخىلنىڭ نامىزىنى ئوقۇما.

«گۈلستان» دىن

---

① بۇ يەردىكى پىيادە — شاھماتنىڭ پىيادە ئۇرۇقى.

مەجمۇئە ئىسمى: مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئېيتقانلىرى مەجمۇئەسى
كىتاب ئىسمى: سەئدى مۇنداق دەيدۇ
پىلانلىغۇچى: مۇرات ئىلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچىلەر: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
گۈلنۇر قادىر
تەكلىپلىك مۇھەررىر: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر قۇتلۇق
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىنخۇا غەربىي يولى 36 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 32/1
باسما تاۋىقى: 3 باسما تاۋاق
خەت سانى: 51 مىڭ خەت
نەشرى: 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978—7—80744—441—1
باھاسى: 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)